شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 1- دەرىجىلىك ژۇرنال

3

# ياچېيكا تۇرمۇشى

2000



ISSN 1002-9451

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق ماليە نازارىتىدىكى بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار شىنجاڭ 2- بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىگە بېرىپ تەشكىلىي تۇرمۇش ئۆتكۈزدى

ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ «ئورگانلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارغا بېرىپ تەشكىلىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە ۋە ئىللىقلىق يەتكۈزۈشكە تەشكىللەش پائالىيىتى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نىڭ روھىغا ئاساسەن، 1- ئاينىڭ 17- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شياۋچياڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق ماليە نازارىتىدىكى 40 نەچچە نەپەر پارتىيە ئەزاسى ۋە كادىر شىنجاڭ 2- بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىگە بېرىپ تەشكىلىي تۇرمۇش ئۆتكۈزدى، شىركەت رەھبەرلىرى شىركەتنىڭ 30 نەچچە يىللىق تەرەققىيات، ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ۋە دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلارنى ھەمدە 1998- يىلى شىركەت رەھبەرلىك بەنزىسى ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش، زىياننى تۈگىتىپ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇردى، شۇنداقلا بۇندىن كېيىن پارتىيە 15- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4- ئومۇمىي يىغىنىدا كۆرسىتىپ بېرىلگەن دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى يولىنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ، «غەربىي قىسمنى ئېچىش»تىن ئىبارەت ئاز ئۇچرايدىغان غەنىيمەت پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، «ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كارخانا» دېگەن قالپاقنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

يولداش شياۋچياڭ تەشۋىقات بۆلۈمى، ماليە نازارىتىگە ۋاكالىتەن 2- بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىدىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن سەمىمىي ھال سورىدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارغا بولغان غەمخورلۇقىنى يەتكۈزدى، شۇنداقلا كۆپچىلىكنى ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جاپاغا جىداپ كۈرەش قىلىپ، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى.

ئۆز مۇخبىرىمىز ئابدۇسالام ئابدۇراخمان خەۋىرى ۋە فوتوسى



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شياۋچياڭ (ئوتتۇرىدا) سۆز قىلماقتا.



2- بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ رەھبىرى شىركەتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇرماقتا.



▲ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شياۋچياڭ، تەشۋىقات بۆلۈمى ئورگان پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى روزى قاسىم 2- بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىدىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلە ئۆمەر توختىنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ ئۇنى يوقلىدى.



◄ تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىن زالىدىن بىر كۆرۈنۈش.

# دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، مالىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك

تۆرلۈك خىزمەتلەر ئىچىدە، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش بىلەن مالىيىنى نورمال يۈرۈشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر نۇقتىلىق ھەل قىلىدىغان 2 چوڭ ئىش.

دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىدىكى ھەممىدىن مۇھىم ئىش سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇش لازىم. دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئومۇمىلىققا مۇناسىۋەتلىك ئىش. شۇڭا جايلار، تارماقلار دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ۋەزىپىسىنىڭ كەسكىنلىكىنى تولۇق تونۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى تۆرلۈك ئامىللار بىلەن ئاشۇرۇپ، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنى 100 يۈەن ئەتراپىدا ئاشۇرۇش نىشانىغا يېتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بۇ يىللىق مالىيە خىزمىتى ۋەزىپىسى ئىنتايىن مۈشكۈل. شۇڭا بىز چوقۇم ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشىمىز، يوشۇرۇن كۈچىمىزنى ئۈزلۈكسىز قېزىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش، چىقىمنى تېجەش تەدبىرلىرىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، مالىيە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مالىيە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، مالىيىنى نورمال يۈرۈشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن پائال خىزمەت قىلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار قاراشنى ئۆزگەرتىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، مالىيە بىلەن ئىقتىسادنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكى مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. ئىككىنچىدىن، «بىرىنچىدىن قورساق بېقىش، ئىككىنچىدىن قۇرۇلۇش قىلىش» فاڭجېنى ۋە «كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىش، مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈش»، «قانچىلىق پۇل بولسا، شۇنچىلىك ئىش قىلىش» تا چىڭ تۇرۇپ، بازار ئىگىلىكى ۋە جامائەت مالىيىسى بەرپا قىلىش تەلىپى بويىچە، مائاشقا، ئىسلاھاتقا، مۇقىملىققا ۋە ئاپپاراتلارنىڭ نورمال خىزمىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت خاراكتېرلىك چىقىملار ۋە باشقا ئادەتتىكى چىقىملارنى تەدرىجىي ئازايتىش، بولۇپمۇ ئىشچى – خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىغا ئامالنىڭ بارىچە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، مالىيە ئىقتىساد ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، مالىيە ۋە باجنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

(ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ ئوبلاست (شەھەر) باشلىقلىرى، ۋالىيلار يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىن ئېلىندى.)

## مۇھىم ھۆججەت، مۇھىم ئىشلار

دۆلەتنى تۈزەشتە ئالدى بىلەن پارتىيىنى تۈزەش، پارتىيىنى تۈزەشتە قاتتىق بولۇش كېرەك ........................ 4

ئاساسىي مىلودىيىنى ياڭرىتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭنى ياخشى قىلىش كېرەك........................ 8

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تولۇق ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىشىشقا قەتئىي بوشاشماي يېتەكلەيلى ........................ 11

2000 ـ يىللىق تەرەققىيات نىشانى ۋە خىزمەتلەرگە قويۇلىدىغان ئومۇمىي تەلەپ ........................ 13

قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى چىڭ تۇتۇش نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش ........................ ۋاڭ لېچۇەن 16

## پەيتنى چىڭ تۇتۇپ شىنجاڭنى ئاچايلى

غەربىي قىسمنى ئېچىشتىكى يېڭى پىكىر يولى ........ لوجىچياڭ 17

ئېلىمىزنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلىرى بىلەن غەربىي قىسمىدىكى رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى پەرقلەر ........................ 20

## «3كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى

«3كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى بۇ يىللىق پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش........................ 21

ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ «3كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى چوڭقۇر، پۇختا قانات يايدۇرايلى........................ 21

## 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى ۋە ئىزچىللاشتۇرايلى

«ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا دائىر بىر قانچە زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»نى ئۆگىنىش ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار ........................ 25

## پارتىيە دەرسى

كومپارتىيە ئەزالىرى ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىشى، پەن ـ تېخنىكا ئىگىلىشى لازىم ........................ ن. ئەخمىدى 28

## پارتىيە ئەزالىرى ساداسى

دېھقانلارمۇ ۋاستىچىغا مۇھتاج (ئىككى پارچە)........................ 31

## گۈل ۋە تىكەن

مائارىپ سېپىدىكى ياخشى باشلامچى (ئالتە پارچە)........................ 32

## 21 ـ ئەسىرگە نەزەر

بىلىم ئىگىلىكى 21 ـ ئەسىردىكى ئىقتىسادىي تۈرمۇشقا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ ........................ خۇروشى 34

## دەۋرىمىز ئاۋانگارتلىرى

پامىر «چوغلۇقى» ........................ ئا. قاۋۇل 36


تېلېفون: 2391829، 2391698، 2391879

ھەر ئاينىڭ 10 ـ كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ.




● ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تەشكىلات، تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىقىرىلىدۇ

* * *

● سىياسىي، نەزەرىيە ۋە تەشۋىقات خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

* * *

● ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل تىللىرىدا نەشر قىلىنىدۇ

* * *


● مۇھەررىرلەر: ئەركىن ئىمىن، قۇدرەت مجت، زۇلپىيە موللاخۇن، ئارزۇگۈل تۇرسۇن

● تەكلىپلىك مۇھەررىر: قادىر داۋۇت

* * *

● گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئابدۇسالام ئابدۇراخمان

* * *

● نۆۋەتچى مۇھەررىر: ئەركىن ئىمىن

2000 ـ يىل 3 ـ سان
(ئومۇمىي 434 ـ سان)
«ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇر-نىلى نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
* * *
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
* * *
مەملىكەت ئىچىدە بىر-لىككە كەلتۈرۈلگەن ژۇرنال-لار نومۇرى
CN65 - 1002 / 2
* * *
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ
* * *
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تەرپىدىن تارقىتىلىدۇ
* * *
ئادرېسى: ئۈرۈمچى ساغلام يولى 2 ـ قورۇ




## رەھبەرلىك سەنئىتى
ئاممىنى قايىل قىلىشتا رەھبەرلىكتە بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر ............................................. س. نورامبەگ 38

## قىزىق نۇقتىدىن پاراڭ
2000 ـ يىلدىكى قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەر (ئون پارچە) ..................... 40

## كۆزىتىش ۋە مۇھاكىمە
«چاكار» ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ............................ ئا. نۇر 44

## تۇرمۇش گېزىتى
ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتتە چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك فاكچېن، سىياسەتلەر (سەككىز پارچە) ........................................................ 46

## تەكشۈرۈش دوكلاتى
تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى ......... جاڭ جيەن 48

## مۇلازىمەت مۇنبىرى
پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى مۇددەتتىن بۇرۇن ياكى مۇددەتتىن ئاشۇرۇپ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بارسا بولامدۇ؟ (بەش پارچە) ..... 52

## ياچېيكا خىزمىتى
تىكەنلىك كەنت پارتىيە ياچېيكىسى دېھقانلارنى بازارغا، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلەپ، بېيىش يولى ئېچىپ بەردى .......... ك.نىياز 54

## ئاممىۋى سۆھبەت
كوممۇنىستلار توغرا قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇشى كېرەك.... ئو. مۇھەممەت 55

## سىياسەت مەسلىھەتچىسى
ئالاقىدار كىشى قايسى خىلدىكى مەمۇرىي جازالارنى رەت قىلسا بولىدۇ... 57

## ئۈچ ۋۇر كۆزنىكى
باي ياھىيىسى قانۇنىي ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ساختا، ناچار تاۋارلارغا زەربە بېرىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدىدى (ئالتە پارچە) ........................ 58

## ئىبرەت بولسۇن
قىسقا مۇددەتلىك قەرز ئالغان كىشى ........................ تەن شياڭياڭ 60

## تارىخ ۋە شەخس
50 يىلدىكى چوڭ ئىشلار (ئوچ پارچە) ........................................... 62

## دۇنياغا نەزەر
كورىيە ئاممىۋى ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈردى ........................................ 63

## ئېلان
شىنجاڭلىقلارنىڭ پەخرى ـ ئارمان ...................................................... 64


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: مودەنگۈل يەن لى فوتوسى

بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىملەرنى ئابدۇسالام ئابدۇراخمان، ئازات بارات سىزغان

بۇ ساندا يېزىلىپ كەتكەن، چۈشۈپ قالغان، بۇلغىنىپ كەتكەن، تەكرار ئالمىشىپ قالغان بەتلەر بولسا، بىۋاستە باسما زاۋۇتى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغايسىز!

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر ياڭزىجياڭ يولى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتى (پوچتا نومۇرى : 830051)

# دۆلەتنى تۈزەشتە ئالدى بىلەن پارتىيىنى تۈزەش، پارتىيىنى تۈزەشتە قاتتىق بولۇش كېرەك

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن بۈگۈن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشىغا رەھبەرلىك قىلىشتىكى يادرو كۈچ، ئىشچى - دېھقان، ئەسكەر، ئوقۇغۇچى، سودىگەرلەرئىچىدە پارتىيە ھەممىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. ھازىرقى جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنىڭ قانداق بېجىرىلىشىدىكى ئاچقۇچ پارتىيىمىزگە باغلىق. پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيە، ئىستىل، ئىنتىزام، تەشكىلىي ئەھۋالى، جۇڭگىۋارلىق ئىقتىدارى رەھبەرلىك سەۋىيىسىگە باغلىق. پارتىيىنىڭ خاراكتېرى، پارتىيىنىڭ دۆلەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنى، پارتىيىنىڭ زىممىسىدىكى تارىخىي بۇرچى بىزنىڭ دۆلەتنى تۈزەشتە ئالدى بىلەن پارتىيىنى تۈزەشمىزنى، پارتىيىنى تۈزەشتە چوقۇم قاتتىق بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. پارتىيىنى تۈزەشتە باشتىن - ئاخىر قەتئىي ۋە قابىل بولساق، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشىمىز چوقۇم توغرا، ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پارتىيىمىزنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى جۇڭگوچە ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ 20 - ئەسىردىكى تەرەققىيات مۇساپىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. پارتىيىمىزنىڭ كىچىكلىكتىن زورىيىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتتا قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى يېقىنقى 100 يىلدا جۇڭگو ۋە دۇنيادا غايەت زور ئۆزگىرىش بولغان تارىخىي شارائىتتاقولغا كەلتۈرۈلگەن. پارتىيىمىز ماركسىزمچى پارتىيە سۈپىتىدە تارىخنى يەكۈنلەشكە باشتىن - ئاخىر ئەھمىيەت بېرىشى، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش، مېتودولوگىيىنى تەتبىقلاشقا ماھىر بولۇپ، تارىخ قانۇنىيىتىنى ئۆزلۈكسىز تونۇش ۋە ئىگىلەش داۋامىدا ئالغا بېسىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان توغرا يۆنىلىش، يول ۋە تەجرىبىلەرنى تېپىپ، كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ يېڭى ئىستىقبالىنى يارىتىشى كېرەك.

جياڭ زېمىن يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى، تەخىرسىزلىكى ۋە زور ئەھمىيىتىنى ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدىكى تارىخىي يۇكسەكلىكتە تۇرۇپ، پارتىيىمىزنىڭ 70 نەچچە يىللىق تارىخىي، دۇنيا سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ 20 - ئەسىردىكى شانلىق، ئەگرى - توقاي مۇساپىسى، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار قوشۇنىدا ھازىر ساقلىنىۋاتقان بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ چوڭقۇر شەرھلىدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلغانسېرى پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش كېرەك، پارتىيىنى باشقۇرۇش قاتتىق بولماي ئىنتىزام، تەشكىل بوشىشىپ كەتسە ھەم ئۇ تەرەققىي قىلىۋەرسە ناھايىتى زور خەۋپ كېلىپ چىقىدۇ، بۇ ھەقتە پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار باشتىن - ئاخىر كاللىسىنى سەگەك تۇتۇشى كېرەك، يېڭى ئىچكى - تاشقى مۇھىتتا پارتىيىمىزنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىلىك خاراكتېرىنى باشتىن - ئاخىر ساقلاش، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە باشتىن - ئاخىر ۋەكىللىك قىلىش، تۈرلۈك خېيىمخەتەر ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ سىناقلىرىغا باشتىن - ئاخىر بەرداشلىق بېرىش، رەھبىرىي يادرولۇق رولىنى باشتىن - ئاخىر كۈچلۈك جارى قىلدۇرۇشىغا قانداق قىلىپ كاپالەتلىك قىلىش يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەندە پارتىيە قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشتە يەنىمۇ ياخشى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ زور مەسىلە، شۇنداقلا سوتسىيالىزمنىڭ جۇڭگودىكى ئەسىر ھالقىغان تەرەققىياتىدا يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىشى ۋە ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلىشنى بەلگىلەيدىغان تۈپ مەسىلە، بۇ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىشتا پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى

ئىدىيە، سىياسىي، ئىستىل، ئىنتىزام، تەشكىل ۋە تۈزۈم جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سۈرۈشتە يەنە پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

جياڭ زېمىن تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى پاسسىپلىشىش، چىرىكلىشىش ھادىسىلىرى كۆپ قېتىم چەكلەنگەن بولسىمۇ تۈگىمەيۋاتىدۇ. بەزى ئەھۋاللار يەنە كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتىدۇ، بەزى جايلار ۋە ئورۇنلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتى، رەھبەرلەرنىڭ پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرمىغانلىقى، پارتىيىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارغا قارىتىلغان تەربىيە، باشقۇرۇش، نازارەتچىلىكنىڭ بوششىپ كەتكەنلىكى بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر سەۋەب، جياڭ زېمىن پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ۋە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئامىللارنى پارتىيە تەشكىلاتى ۋە رەھبىرىي كادىرلار نۇقتىسىدىن ناھايىتى ياخشى ئانالىز قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە رەھبىرىي يولداشلاردىن پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، پوزىتسىيىنى چىڭگىتىپ، مەركەزنىڭ پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش توغرىسىدىكى تەلىپىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش" ھەرگىزمۇ بىر مەزگىللىك تەلەپ ئەمەس، ئۇ پارتىيىنىڭ ئىدىيە، سىياسىي، ئىستىل، ئىنتىزام، تەشكىل، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى خىزمەتلىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك سىڭدۈرۈلۈشى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى تەربىيىلەش، باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش قاتارلىق ھەرقايسى ھالقىلاردا ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈلۈشى كېرەك. پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشنىڭ كونكرېت تەلەپلىرى 5 جەھەتتىن ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار بۇ تەلەپلەر بويىچە خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ئىشلىشى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار شەخسەن ئۈلگە بولۇپ، قاتتىق ئىنتىزامچان بولۇپ ياخشى باشلامچى بولۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتا مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىشى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، دەرىجىمۇ دەرىجە ياخشى باشقۇرۇشى، يېتەكلىشى، ياچېيكا، پارتىيە ئەزالىرىغىچە تۇتۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار كوللېكتىپ رەھبەرلىك بىلەن شەخسلەر ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇشنى بىرلەشتۈرۈشنى قەتئىي يولغا قويۇشى، مەسىلە كۆرۈلسە مەسئۇلىيەت ئېنىق بولۇشى، ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتتىن «كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىنغان» دېگەنگە ئوخشاش باھانىلەرنى كۆرسىتىپ، باش تارتماسلىقى، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بويىچە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشى كېرەك. پارتىيىنى باشقۇرۇش تەلىپى ئەمەلىيلەشتۈرۈلسە، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشتا ئالدى بىلەن رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك. بۇ ئۆتكەل تۇتۇلسا، ياخشى تۇتۇلسا، تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلاردا، ئاساسىي قاتلامدا، ئاما ئارىسىدا قايىل قىلىش كۈچى بولىدۇ، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ، جياڭ زېمىن تۆۋەندىكى 4 جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

1. رەھبىرىي كادىرلارغا چوقۇم قاتتىق تەلەپ قويۇش ۋە ياخشى تەربىيە بېرىش كېرەك. كادىرلاردا ناچار ئىللەتلەرنىڭ بىخى كۆرۈلگەن ھامان ۋاقتىدا ئاگاھلاندۇرۇش، ئەستايىدىل ياردەم بېرىش، مەسىلە كۆرۈلسە چوقۇم قەتئىي، جىددىي بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەر توغرىسىدا بۇرۇنراق خەۋەرلەندۈرۈش، قايسى ئىشلارنى قىلىشقا بولىدىغانلىقى، قايسى ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدىغانلىقى، نېمىدە چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكى، نېمىگە قارشى تۇرۇش قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تەلەپلەرنى ئېنىق ئېيتىش ھەم قاتتىق ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك، رەھبىرىي كادىرلار پارتىيىنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياسىتىنى چوقۇم توغرا چۈشىنىپ ۋە ئىجرا قىلىپ، ئاممىنىڭ بولۇپمۇ نامرات رايونلاردىكى ئاممىنىڭ بېيىشىغا ئامال قىلىپ ياردەم بېرىشى، ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن جاپا چېكىشى، تۆھپە قوشۇشقا رازى بولۇشى، «ئاۋۋال خەلقنى ئويلا، ئاندىن ئۆزۈڭنى» دېيىدىغان روھ بولۇشى كېرەك؛ ئۆزىنىڭ جورىسى، پەرزەنتلىرىنى چوقۇم ياخشى باشقۇرۇشى كېرەك. خەلق بەرگەن ھوقۇقنى ئۆزىگە ۋە ئائىلە ئەزالىرىغا مەنپەئەت

يەتكۈزۈش ۋاسىتىسى قىلىۋېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

2. رەھبىرىي كادىرلارنى تاللاپ ئىشلىتىشتە ئۆتكەلنى چوقۇم ياخشى ئىگىلەش لازىم. ئىقتىدارلىقلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇش ناھايىتى چوڭ مەسىلە. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار كادىرلار قوشۇنىنى «تۆتلەشتۈرۈش» فاڭجېنى ۋە ھەم ئەخلاقلىق، ھەم ئىقتىدارلىق بولۇشقا تەڭ ئېتىبار بېرىش پرىنسىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى چوقۇم ئىقتىدارلىقلارنى ئىشقا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېقىنلىرىنى ئىشقا قويۇشقا قارشى تۇرۇشى؛ ھەر يەر، ھەر يەردىن بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ «ئادەمگە قاراپ چەك قويۇش» ۋە «يۇرتىغا قاراپ چەك قويۇش»قا قارشى تۇرۇشى؛ كادىرلارنىڭ سىياسىي، ئىدىيۋى ساپاسىدا چوقۇم ئەخلاقىي پەزىلىتىنى تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى، ئىقتىدارغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەخلاققا سەل قارىماسلىقى كېرەك. سىياسىي ئېتىقادىدىن تەۋرەنگەن، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان، پۇرسەتپەرەسلىككە بېرىلگەن، ئەمەل تەلەپ قىلىدىغان، ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىدىغان، ئەتراپىغا گۇرۇھ، مەزھەپ توپلايدىغان ساختىپەزلىك، مۇبالىغىچىلىك قىلىدىغانلارنى ئۆستۈرمەيلا قالماستىن، قاتتىق تەنقىد قىلىش، مەسىلىسى ئېغىرلارنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئادەم ئىشلەتكەندە ياخشى تەكشۈرمىگەنلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى دەرىجىمۇ دەرىجە ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، كادىرلارنى تاللاپ ئىشلىتىشتە كادىرلار سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، بەلگىلىمە بويىچە ئىش كۆرمەي سەۋەنلىك سادىر قىلغانلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي سۈرۈشتە قىلىش كېرەك . كادىر ئىشلىتىشتە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمۈچىگە چوغ تارتقان، ھوقۇق، پۇل سودىسى قىلغان، پارا ئېلىپ ئەمەل ساتقانلار سېزىلگەن ھامان قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇپ قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، رەھىم قىلماي جازالاش كېرەك.

3. رەھبىرىي كادىرلارنى چوقۇم قاتتىق نازارەت قىلىش كېرەك. كادىرلار خىزمىتىدە تاللاپ ئۆستۈرۈپ ئىشقا قويۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئىشقا قويغاندىن كېيىن نازارەت قىلىشقا سەل قاراش ئەھۋاللىرىنى تۈزىتىش كېرەك. كەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەسىلە بولغان ئىكەن جىددىي مۇئامىلە قىلىش، نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇش، بولۇپمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش، نازارەتچىلىك ئۆتكىلىنى ئالغا سىلجىتىش، ئىشتىن ئاۋۋال ئالدىنى ئېلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. نازارەتچىلىك خىزمىتىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھوقۇقى رەھبەرلىك پائالىيىتى نەگە يېتىپ بارسا پارتىيە تەشكىلاتى شۇ يەردە نازارەتچىلىك قىلىشقا تىرىشىش لازىم. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت ۋاقتىدىكى ئىپادىسىنى نازارەت قىلىش كېرەك. خىزمەت ۋاقتىدىن سىرتقى پائالىيەتلىرىگىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى بويىچە ئوخشىمىغان قاتلام، ئوخشاشمىغان ئىش ئورنىدىكى رەھبەرلىك پائالىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، رەھبىرىي كادىرلارنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش يولى ۋە چارىسى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، نازارەت قىلىش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى كېرەك.

4. رەھبىرىي كادىرلاردا كۆرۈلگەن قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنى چوقۇم قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك . سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلەرگە كەڭچىلىك قىلىش، يۇمشاق قوللۇق قىلىش ھادىسىلىرىنى قەتئىي تۈگىتىش كېرەك. دەرىجىسى يۇقىرى، نامى بارلاردا كۆرۈلگەن قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپ ھادىسىلەرنى تېخىمۇ قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. قانۇن ـ ئىنتىزامغا پىسەنت قىلماي قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە پېتىنغانلارنى قاتتىق جازالاش كېرەك. كىم بولۇشى، ۋەزىپىسىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قانداق جازا بېرىشكە تېگىشلىك بولسا شۇنداق جازا بېرىش، ئېغىر جازا بېرىشكە تېگىشلىكلەرگە قەتئىي ئېغىر جازا بېرىش، ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىق كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپ دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغاندا ئارىغا ئادەم قويۇشقا، يان بېسىشقا ۋە قانات ئاستىغا ئېلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، دېلونى يوشۇرۇپ مەلۇم قىلمىغان، بېسىپ قويۇپ بېجىرمىگەنلەر ياكى توسالغۇ پەيدا قىلىپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلغانلارنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرى جىددىي بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. سىياسىي ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، تەربىيە بەرسىمۇ

ئۆزگەرمەي، پارتىيىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىغا داۋاملىق ئاشكارا قارشى چىققان، خاتا مەيداندا چىڭ تۇرغان پارتىيىلىك كادىرلارغا تېگىشلىك پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىش كېرەك.

جياڭ زېمىن مۇنداق دېدى: كۆپ يىللىق ئەمەلىيەت، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىسەك، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشتا قۇلايلىق، كارغا يارايدىغان، چەكلەش كۈچىگە ئىگە مېخانىزم ئورنىتىپ، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇشى ۋە نازارەت قىلىشى، زىددىيەتنى ۋاقتىدا بايقاپ، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، پارتىيە ئورگانىزمىنىڭ ساغلاملىقىنى باشتىن - ئاخىر ساقلاش ئاچقۇچ. بىز بۇ جەھەتتە نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى داۋاملىق كۈچەيتىشىمىز لازىم. بۇلتۇردىن بۇيان ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى مەركەزلىك قانات يايدۇرۇلۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، پاكىت پارتىيىمىزنىڭ ئۆزىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قۇربى ۋە چارىسى بارلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. بۇ قېتىمقى «3كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشتا بىر يۈرۈش مېخانىزم بەرپا قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن مۇھىم ئىلھام بولدى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلىشى، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتى تۈزۈمى، پارتىيە ئىچىدىكى تۇرمۇش تۈزۈمى، كادىرلار خىزمىتى تۈزۈمى، ھوقۇق نازارەتچىلىكى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەرگە تەتبىقلىشى لازىم.

جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشتا ئالدى بىلەن كىرىش ئۆتكىلىنى پۇختا ئىگىلەپ، قەتئىي يوسۇندا «ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇش، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش، قۇرۇلمىنى ياخشىلاش، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەزا قوبۇل قىلىش» تەلىپى بويىچە پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە تەربىيىلەش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمىگە ھەقىقەتەن ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلارنى پارتىيىدە قالدۇرماسلىق كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاشقا بولىدىغان مېخانىزم شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. 60 مىليوندىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسىنى ھەقىقىي ياخشى باشقۇرۇش ھازىر پارتىيە قۇرۇلۇشىدا دۇچ كەلگەن ناھايىتى گەۋدىلىك زور مەسىلە، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى، ھەر بىر پارتىيىلىك كادىرنىڭ ئىدىيە، ئىستىل ھەم تەشكىلچانلىق، ئىنتىزامچانلىقىنى باشقۇرۇش، بۇ ھەقتە تەربىيە بېرىشتىن تۇتۇش كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەتئىي بوشاشتۇرماي تۇتۇش كېرەك.

جياڭ زېمىن ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە مەسئۇلىيىتى ناھايىتى زور، ئۇ، ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرلىرىنىڭ ئۆگىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئاڭلىق ئەھمىيەت بېرىشنى، ئۆزى پاك - دىيانەتلىك بولۇپلا قالماي، مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، نوچىلارغا تېگىشكە جۈرئەت قىلىشى، ئىنتىزامنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى، چىرىكلەشكەنلەر ۋە قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلارنى قاتتىق جازالىشى يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، دادىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىپ، تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشنى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ تۈرلۈك دېلولارنى ئالاقىدار سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلەر بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىنى قەتئىي قوللىشىنى، ئۇلارنىڭ خىزمەتتە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىغا ياردەملىشىشىنى ئۈمىد قىلدى.

# ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭنى ياخشى قىلىش كېرەك

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى خۇجىنتاۋ 14 ـ يانۋار مەملىكەتلىك تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، تەشۋىقات ـ ئىدىيە سېپىدىكىلەرنىڭ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتىكى بىر قاتار فاڭجېن ۋە پرىنسىپلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭنى ياخشى قىلىپ، پارتىيىنىڭ تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ياخشى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى تېخىمۇ ياخشى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ ياخشى ئۇيۇشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىنى تەكىتلىدى.

خۇجىنتاۋ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىنسانلار پات ئارىدا 21 ـ ئەسىرگە كىرىدۇ. ھازىردىن باشلاپ كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 20 يىلىغىچە بولغان، بولۇپمۇ ئالدىنقى 10 يىلغىچە بولغان مەزگىل پارتىيىمىز، دۆلىتىمىز ۋە خەلقىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم مەزگىل بولىدۇ. پۇرسەتنى تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، 15 ـ قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۈرەش نىشانىغا يېتىش ـ يېتەلمەسلىك يېڭى ئەسىردىكى تەرەققىيات قۇرۇلمىسىدا ئىستراتېگىيىلىك تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەش ـ ئىگىلىيەلمەسلىكىمىزگە، تېخىمۇ پايدىلىق ئورۇندا تۇرۇش ـ تۇرالماسلىقىمىزغا مۇناسىۋەتلىك. بۇ، دەۋرنىڭ زامانىمىزدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى سىنايدىغان يېڭى سىنىقى. يېڭى ۋەزىيەتتە، مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشىدىكى ئىدىيە ئاساسىنى مۇستەھكەملەش، بولۇپمۇ كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ غايە، ئېتىقادىنى چىڭىتىش بىز باشتىن ئاخىر يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىنتايىن مۇھىم ۋە مۇشكۈل بولغان ئىدىيە، سىياسىي قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى.

خۇجىنتاۋ مۇنداق دېدى: ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭنى ياخشى قىلىش يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەرنىڭ تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتىگە قويغان ئاساسىي تەلىپى. بىزنىڭ «ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىش »نى تەكىتلەشتىن مەقسىتىمىز: ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي پروگراممىسىنى كادىرلار، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، سوتسىيالىزم روھى ۋە جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھىنى كادىرلار، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش: كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا پايدىلىق بارلىق مەنىۋى مەھسۇلاتلار ئارقىلىق ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىرىنى ئىگىلەپ، ئىجتىمائىي توغرا كەيپىياتنى ۋە دەۋر روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بېرىپ، ئۇنى ئىشقا سېلىپ، جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى تۈرلۈك ئىشلارنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ «تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭنى ياخشى قىلىش»نى تەكىتلەشتىن مەقسىتىمىز: پارتىيىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشتىكى تارىخىي تەجرىبىلىرى

ۋە يېڭى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ۋە ئۇنى ياخشى تەتبىقلاپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تەشۋىقات ـ ئىدىيە ساھەسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى توغرا تەھلىل قىلىش ۋە تونۇش، ئىدىيە، ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتا، بەرپا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، پائال ئالغا ئىلگىرىلەش، ئىلمىي،ئەمەلىيەتچىل بولۇش پوزىتسىيىسى ئارقىلىق يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. تۈرلۈك خىزمەتلەرگە سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش تەلىپىنى سىڭدۈرۈپ، پرىنسىپچانلىق، سىستېمىلىق، ئالدىن كۆرەرلىك ۋە ئىجادچانلىقنى كۈچەيتىش، مەيدان مۇستەھكەم، بايراق روشەن بولۇش، توغرا يۆنىلىشتە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇش كېرەك.

خۇ جىنتاۋ سۆزىدە تەشۋىقات ـ ئىدىيە سېپىدىكىلەرگە ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭنى ياخشى قىلىش فاڭجېنىنى داۋاملىق قەتئىي، تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، بۇ يىللىق تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا 4 نۇقتىلىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇشى توغرىسىدا توختىلىپ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىدە نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئۇيۇشتۇرۇشتىكى تەجرىبىلەرنى ياخشى يەكۈنلەپ، كادىرلارنى ئەستايىدىل كىتاب ئوقۇشقا يېتەكلەپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، نەزەرىيە ئۆگىنىش بويىچە يەنىمۇ قويۇق كەيپىيات يارىتىش، ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، ماركسىزم ئارقىلىق ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە ئاڭلىق يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماستىن، ماركسىزم ئارقىلىق سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشكىمۇ ئاڭلىق يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. ئىدىيە ـ نەزەرىيە ساھەسىدىكى يولداشلار خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى زور نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى، مەزمۇنلۇق، قايىل قىلىش كۈچى كۈچلۈك، زور تەسىر پەيدا قىلالايدىغان ماقالىلەرنى يېزىپ، ئىلىم ـ پەن ھەقىقىتىنى مەردانىلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ، پرىنسىپ جەھەتتىكى ھەق ـ ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، رېئال مەسىلىلەرگە توغرا، ئوبيېكتىپ جاۋاب بېرىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنى قەتئىي جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەشكە يېتەكلىشى كېرەك.

خۇجىنتاۋ توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش توغرىسىدا توختىلىپ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: پارتىيىۋىلىكتە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە، ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىقنى ساقلاش، غەيرەتنى ئۇرغۇتۇش، ئىجابىي تەشۋىقاتنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تىرىشىپ ياخشى جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىش كېرەك. پارتىيىنىڭ چوڭ ـ چوڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ياخشى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىللە، چوقۇم كادىرلار، ئامما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا چۈشەندۈرۈش، تونۇشنى ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاممىنى ۋەزىيەتنى توغرا تونۇش، پارلاق ئىستىقبالنى كۆرۈش، ئىسلاھاتقا پائال قاتنىشىش ۋە ئۇنى قوللاشقا، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئاڭلىق قوغداشقا يېتەكلەش كېرەك.

خۇجىنتاۋ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى ھەقىقىي كۈچەيتىش توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېدى: بۇ پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنىڭ چوڭ ئىشى، تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتىدىكى مۇھىم ئىش، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى غايە، ئېتىقاد تەربىيىسىدىن ئىبارەت، شۇڭا پۈتكۈل ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا، غايە، ئېتىقاد تەربىيىسىنى قەتئىي بوشاشماي ئېلىپ بېرىش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى تەربىيىسىنى قەتئىي بوشاشماي ئېلىپ بېرىش، ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم، ئاتېئىزم ۋە ئىلىم ـ پەن روھى تەربىيىسىنى قەتئىي بوشاشماي ئېلىپ بېرىش كېرەك، نۆۋەتتە،ـ

ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنىڭ مۇھىتى، ۋەزىپە-
سى، مەزمۇنى ۋە يولىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. شۇڭا
ئۆزگەرگەن ئەھۋالغا ئۇيغۇنلىشىپ، ئېسىل ئەنئەنىگە
ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا،
يېڭى ۋەزىيەتتە ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنىڭ
ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى ئەستايىدىل تەتقىق
قىلىپ، پائال يېڭى يول ئېچىش، يېڭى چارە ـ ئۇ-
سۇللارنى تېپىش، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش
كېرەك. ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى ئىقتىسادىي
خىزمەت ۋە تۈرلۈك كەسپىي خىزمەتلەر بىلەن بىر-
لەشتۈرۈش، ئىدىيىۋى تەربىيىنى ئەمەلىي خىزمەتكە
سىڭدۈرۈش؛ ئىجابىي تەلەپ بىلەن ۋەكىللىك خا-
راكتېرگە ئىگە تەلەپنى بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەتنىڭ
قاراتمىلىقىنى كۈچەيتىش؛ ئاممىنى تەربىيىلەش ۋە
يېتەكلەشنى ھەقىقىي تۈردە ئامما ئۈچۈن خىزمەت
قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سەممىي ساداقەتلىك
بىلەن ئاممىنى غەم ـ ئەندىشىدىن قۇتقۇزۇش كېرەك.

خۇجىنتاۋ تەشۋىقات، مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇ-
شىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا توختىلىپ
مۇنداق دېدى: ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات، مەدەنىيەت
ئورۇنلىرىدىكى رەھبىرىي كادىرلار بازا ئېڭىنى كۈ-
چەيتىپ، «بازىنى قوغداشتا مەسئۇلىيىتىم بار» دې-
گەننى رېئاللاشتۇرۇشى كېرەك. بىر قولدا گۈللەندۈ-
رۈشنى، بىر قولدا باشقۇرۇشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇ-
شى، ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىشنى خەلق ئامما-
سىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك تەلىپىنى قاندۇرۇش بى-
لەن ياخشى بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيىۋىلىكى كۈچلۈك ۋە
بەدىئىيلىكى يۇقىرى نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد
قىلىشى كېرەك. مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت
مىراسلىرىغا، ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىس-
لىق قىلىش بىلەن بىللە، دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ
ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىش، ھەرقايسى مىل-
لەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل
قىلىش كېرەك. تەشۋىقات، مەدەنىيەت بازىسىنى باش-
قۇرۇشنى ئەستايىدىل كۈچەيتىش بىلەن بىللە، يېڭى
شارائىتتا مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ ئۇ-
نۇملۇك يولى ۋە ئۇسۇللىرى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ،
مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ ساغلام گۈللىنىشىگە كاپالەت-
لىك قىلىش كېرەك.

خۇجىنتاۋ ئاخىرىدا ھەر دەرىجىلىك پارتكوم-
لاردىن تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتىگە رەھبەرلىك
قىلىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ
مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىز-
مىتى پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىس-
مى، پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنىڭمۇ ئورتاق ۋەزىپىسى،
مەركەز رەھبىرىي كادىرلاردىن سىياسىيغا ئەھمىيەت
بېرىشنى تەلەپ قىلدى، تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىز-
مىتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت
بېرىش ـ بەرمەسلىك سىياسىيغا ئەھمىيەت بەر-
گەن ـ بەرمىگەنلىكنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم تەرەپ،
ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار تەشۋىقات ـ ئىدىيە
خىزمىتى بويىچە رەھبەرلەر مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى
تېزدىن مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە كۈچەيتىپ، ئىدىيە،
مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ ۋەزىيىتى، تەشۋىقات ـ ئى-
دىيە خىزمىتى جەھەتتىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىشى،
رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى
كېرەك. تىرىشىپ يۇقىرى ساپالىق تەشۋىقات ـ ئى-
دىيىۋى خىزمەت قوشۇنى قۇرۇش، بولۇپمۇ تەشۋى-
قات ـ ئىدىيە سېپىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەر-
لىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگى-
نىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بې-
رىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. يولداش
جياڭ زېمىنىنىڭ ھەم پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭ-
جېن ـ سىياسەتلىرىنى پىششىق بىلىدىغان، ھەم
نەزەرىيە، ئاخبارات، نەشرىيات، ئەدەبىيات ـ سەنئەت
خىزمىتى، كەسپىنى پىششىق بىلىدىغان زور تۈر-
كۈم مەخسۇس ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈ-
رۈش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئىجرا
قىلىپ، سىياسەتچىلەر گېزىت چىقىرىش، سىيا-
سەتچىلەر تەشۋىقاتنى باشقۇرۇش، سىياسەتچىلەر
مەدەنىيەتنى باشقۇرۇش دېگەن تەلىپىنى پائال ئە-
مەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. تەشۋىقات كادىرلىرىغا
كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى كۆپرەك چۈشىنىپ،
كۆپرەك قوللاپ، كۆپرەك ئاسراپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپ-
لىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئۇلارنى تېخىمۇ
زور تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.

# دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تولۇق ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىششقا قەتئىي يېتەكلەيلى

ئۆتۈپ كەتكەن بىر يىلدا، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار، دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما دۆلەتنىڭ چوڭ ئومۇملۇققىغا ئاڭلىق بويسۇنۇپ ۋە خىزمەت قىلىپ، تىنچ ـ ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغداش، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇساپىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر يىل ھېسابلىنىدۇ. دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش چوڭ نىشانىنى چۆرىدىگەن ھالدا دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ يۈكسىلىشى ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ماۋجۇشى، جۇرۇڭلى قاتارلىق پېشقەدەم رەھبەرلەر جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى چوڭقۇر چۈشىنىش، پىششىق ئويلىنىش ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇ ۋاقىتلىق تەدبىر بولماستىن، بەلكى ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسەت. بىرىنچىدىن، بۇ سىياسەت پارتىيىمىزنىڭ تۈپ نۇقتىئىنەزىرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ قارىشىچە، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىنى ئۇنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى بەلگىلەيدۇ، بۇ ئىچكى قانۇنىيەتكە خىلاپ بولغان ھەر قانداق تاشقى ئارىلىشىش، مۇرەككەپ مەسىلەلەرنى ئاددىي ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇرۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۈنۈم بەرمەيدۇ. دىن ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى بىر خىل ئومۇميۈزلۈك، ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىپ تۇرىدىغان ھادىسە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەنبە ۋە بىلىش مەنبەسى بار، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان ئوبيېكتىپ ھەرىكەت قانۇنىيىتىگە ئىگە. دىننى مەمۇرىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق چەكلەشكە ھەتتا يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش كارغا كەلمەيدۇ، مەمۇرىي كۈچنى ئىشقا سېلىپ دىننى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇشمۇ خاتا. ئىككىنچىدىن، بۇ سىياسەت بىزنىڭ تۈپ مەقسىتىمىزنىڭ تەلىپى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تۈپ مەقسىتى جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، بارلىق تىرىشچانلىقلار بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە قوغداشتىن ئىبارەت. بۇ، دىنىي ئېتىقادنى ئەركىن تاللاش ھوقۇقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە. مەملىكىتىمىزدە، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرقى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، سىياسىي جەھەتتىكى، ئىقتىسادىي مەنپەئەت جەھەتتىكى بىردەكلىكلا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلغاندىلا، كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سالغىلى، ئاندىن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان

ئاما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنى تۈپ مەنپەئەت بىردەكلىكى ئاساسىدا ئىتتىپاقلاشتۇرغىلى، ئىرادە ۋە كۈچنى زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشقا، تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق نىشانغا مۇجەسسەملەشتۈرگىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، بۇ سىياسەت دىنىي يېتەكلەپ جەمئىيىتىمىزدە ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرغۇزۇشنىڭ ئېھتىياجى. ئېلىمىزدىكى بەش چوڭ دىن تەشەببۇس قىلىدىغان ئېتىكا ـ ئەخلاقنىڭ ھەممىسىدە ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش، رەزىللىكتىن ۋاز كېچىپ ياخشىلىقنى جارى قىلدۇرۇش، خەلق ئاممىسىغا بەخت كەلتۈرۈش مەزمۇنى بار. بۇ مەزمۇنلار بىر تەرەپتىن ئىنسانلارنىڭ گۈزەل دۇنياغا بولغان ئىنتىلىشى ۋە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىككە ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويغاندىلا، ئاندىن دىندىكى ئاكتىپ، يۇقىرىغا ئىنتىلىدىغان مەزمۇنلارنى ئېچىپ، رەتلەپ، رېئال تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان قىلغىلى بولىدۇ. تۆتىنچىدىن، بۇ سىياسەت جۇڭگونىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەنمۇ بىردەك. مەملىكىتىمىز «ئىتتىپاقلىق» مەدەنىيىتىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان مەملىكەت بولۇپ، ئىتتىپاقلىقنى قىممەت دەپ بىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، مەملىكىتىمىزدە ھەر خىل مەدەنىيەت، جۈملىدىن دىن مەدەنىيىتىمۇ بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ خېلى بىر قىسمى دىن مەدەنىيىتى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، ھەر خىل چەتتىن كەلگەن دىنلارمۇ ئۈزلۈكسىز تۈردە جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىن ئوزۇقلۇق ئېلىپ، ئوخشاشمىغان دەرىجىدە «جۇڭگوچە» لىشىپ كەتكەن. بىز يولغا قويغان دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى جۇڭگونىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بولۇپ، ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، ھەم ئاھالىنىڭ زور كۆپچىلىكىنى ئىلكىلەيدىغان، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاما تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ.

تارىختىكى ھەر قانداق دىنلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرىمەن ۋە تەرەققىي قىلىمەن دەيدىكەن، ئۇ ئۆزى تۇرۇۋاتقان جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى كېرەك. زامانىمىزدىكى جۇڭگودا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋە ئورتاق ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دىنىي ساھەدىكىلەر ھەقلىق ھالدا ئۆز ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ ئىشقا ئاتلىنىشى ھەمدە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇشى كېرەك. دىننىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلىشىشىنى تەكىتلەش، تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت «تۆتنى قوغداش» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەكىتلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، «تۆتنى قوغداش» تا چىڭ تۇرۇش دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇشقا، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتى ۋە ئورنىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشىغا پايدىلىق. بىز خۇشاللىق بىلەن كۆرمەكتىمىزكى، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، دىنىي ساھەدىكى نۇرغۇنلىغان زاتلار يېقىندىن بۇيان نۇرغۇنلىغان پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. كۆپچىلىكنىڭ تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز خۇلاسىلەپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشىگە داۋاملىق مەدەت بېرىپ ۋە ياردەملىشىپ، ئېلىمىزنىڭ دىن ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

(يولداش لى رۇيخۇەننىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن باھار بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىن ئېلىندى)

# 2000 ـ يىللىق تەرەققىيات نىشانى ۋە خىزمەتلەرگە قويۇلىدىغان ئومۇمىي تەلەپ

بۇ يىل ئەسىر ئالمىشىدىغان يىل، شۇنداقلا 9 ـ بەش يىللىق پىلاننىڭ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى 2 ـ قەدەملىك ئۇلۇغۋار ئىستراتېگىيىلىك نىشانغا يېتىشنىڭ ئاخىرقى يىلى، بۇ بىر يىلدا، پۇرسەت بىلەن رىقابەت، پايدىلىق شارائىت بىلەن پايدىسىز ئامىللار تەڭلا مەۋجۇت، بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى پۇرسەت ۋە پايدىلىق شارائىت مۇنداق: مەركەز غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش شارائىتى ۋە پەيتى پىشىپ يېتىلدى، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىستراتېگىيىنى يولغا قويۇش ــ مەركەزنىڭ ئومۇمىيلىقنى ئىدارە قىلىپ، يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىش ئۈچۈن چىقارغان زور تەدبىرى. دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرنى يولغا قويۇشى ئاپتونوم رايونىمىزغا مىسلىسىز تەرەققىيات پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. بولۇپمۇ، گوۋۇيۈەن شىنجاڭنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشقا دائىر چوڭ ـ چوڭ سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى بېكىتتى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ؛ مەركەز ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، پۇل سىياسىتىنىڭ رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى؛ شەرقىي ئاسىيا، ياۋروپا قاتارلىق رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەدرىجىي جانلىنىپ، دۇنيا ئىقتىسادى ياخشىلاندى، نېفىت قاتارلىق خام ئەشيالارنىڭ باھاسى ئۆرلەپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشىگە ياخشى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ھاسىل بولغان ماددىي، تېخنىكا ئاساسىمىز ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەجرىبىلىرىمىز بىزنى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، رىقابەتنى كۈتۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، بولۇپمۇ مۇشۇ بىر قانچە يىلدا دۆلەت قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تەدرىجىي ھالدا غەربىي رايونغا قارىتىپ،ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن خېلى ئوبدان ئاساس سېلىپ بەردى؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بايلىقى مول، ئۆزگىچىلىكى روشەن بولۇپ، ئۆزگىچە بايلىقنى كەسپلەشتۈرۈش ۋە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ يېڭى نۇقتىسىنى يېتىلدۈرۈشتىكى غايەت زور يوشۇرۇن كۈچى يېتىلىۋاتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىز يەنە پايدىسىز ئامىللار ۋە رىقابەتكىمۇ دۇچ كەلمەكتىمىز: دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىگە ئەگىشىپ، بىز تېخىمۇ زور خەلقئارا رىقابەت بېسىمىغا ئۇچرايمىز. ئىچكى بازار ئېھتىياجى يېتەرلىك بولماسلىق ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانمىدى، پۇل قىسلىق ھالىتى تېخى تۈپتىن ئۆزگەرگىنى يوق. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش سۈرئىتىمىز ئاستا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەر ھېلىھەم مەۋجۇت، بەزى مەسىلىلەر بۇ يىلدا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇشى، بەزى قىيىنچىلىقلار يەنىمۇ ئېغىرلىشى مۇمكىن، شۇڭا، بىز ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ئوبدان ئىشلىشىمىز لازىم.

بۇ يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمىزنىڭ ئاساسلىق كۆزلىمە نىشانى: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 125 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 7.5% چە ئاشۇرۇش، بۇنىڭ ئىچىدە، 1 ـ كەسىپنىڭكىنى 2.3%، 2 ـ كەسىپنىڭكىنى 8.9%، 3 ـ كەسىپنىڭكىنى 10% ئاشۇرۇش؛ پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە سالىدىغان مەبلىغىنى 63

مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈپ، % 14.5 ئاشۇرۇش؛ تاۋارلارنى پارچە سېتىش باھا كۆرسەتكۈچىنى % 101 كە، ئاھالە ئىستېمال باھاسىنىڭ كۆرسەتكۈچىنى % 102 كە يەتكۈزۈش؛ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىنى 1 مىليارد 800 مىليون دوللارغا يەتكۈزۈپ، % 17 ئاشۇرۇش؛ ئومۇمىي مالىيە كىرىمىنى 13 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، % 13 ئاشۇرۇش؛ شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمنى % 7.2 كۆپەيتىش؛ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنى تىرىشىپ 100 يۈەندىن كۆپرەك ئاشۇرۇش؛ شەھەر بازارلاردىكى ئىشسىزلار نىسبىتىنى % 4 ئىچىدە تىزگىنلەش؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىنى % 15.4 ئىچىدە تىزگىنلەشتىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى ۋەزىپە نىشانىغا يېتىشتە، بۇ يىللىق ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قويۇلىدىغان ئومۇمىي تەلەپ: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى، 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ، 4 - ئومۇمىي يىغىنلىرى ۋە مەركىزىي كومىتېت ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەزنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر بىر قاتار سىياسەت - تەدبىرلىرىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، تەرەققىياتنى تۇرلۇك ئامىللار بىلەن تېزلىتىپ؛ يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى كۈچەپ تەڭشەپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى تىرىشىپ كۆپەيتىش؛ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى مەركىزىي ھالقا قىلىپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش ۋە قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى تېزلىتىپ، ياخشىلىرىنى ۋە كۈچلۈكلىرىنى يۆلەش، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، تىرىشىپ زىياننى تۈگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش؛ دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى پۇرسەت بىلىپ، ئىچكى ئېھتىياجنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئۈستۈنلۈككە ئىگە بايلىق ئېچىشنى تېزلىتىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى يۈكسىلىش نۇقتىلىرىنى پائال يېتىلدۈرۈش؛ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا تىرىشىپ بازار ئېچىش؛ شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ۋە سىجىل تەرەققىيات مۇمكىنلىكى ئىستراتېگىيىسىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى يەنىمۇ ياخشىلاش؛ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنى سىجىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسەلدۈرۈپ، ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىشتىن ئىبارەت.

بۇ يىل دۆلەت غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش جەھەتتە ماھىيەتلىك قەدەم تاشلايدۇ. شۇڭا، بىز مۇشۇنداق تېپىلغۇسىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تۇرلۇك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى تولۇق ھەم ئوبدان ئىشلەپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىر قانچە ئىشنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەيمىز:

**ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز. بۇ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئاساسى.** سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، تىزگىنلەش خاراكتېرىدىكى بىر تۈركۈم سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارىمىز. قاتناش، خەۋەرلىشىش، ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ،

ئۇنىۋېرسال قاتناش ـ ترانسپورت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، تېلېگراف تورىنى يەنىمۇ ياخشىلايمىز. شەھەر ئۇل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شەھەرنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرىمىز. ئۇچۇر كەسپىنى كۈچەپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن شارائىت يارىتىمىز.

**ـــ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئىستراتېگىيە جەھەتتىن تەڭشەيمىز ۋە سەرخىللاشتۇرىمىز. بۇ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئاچقۇچى.** 1 ـ كەسپىنى كۈچەيتىپ، 2 ـ كەسپىنى يۈكسەلدۈرۈپ، 3 ـ كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز. يېزا ئىگىلىكىدە، بازار ئېھتىياجىدىكى ئۆزگىرىشكە ماسلىشىپ، رايون سېلىشتۇرما ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزگىچە مەھسۇلات ۋە كەسپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش، مەخسۇسلاشتۇرۇش، بازارلاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىمىز. سانائەتتە، دۆلەت كارخانىلىرىنى ئىستراتېگىيىلىك ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، مۇلۈكچىلىك قۇرۇلمىسى، كەسپلەر قۇرۇلمىسى ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش جەھەتتە ئىرىشىپ چوڭراق قەدەم تاشلايمىز. بىلىمنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان ياكى يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا تەركىبى بولغان مۇلازىمىلىق ساھەسىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرىمىز.

**ـــ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراپ، مۇھىت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىمىز. بۇ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ تۈپ ئاساسى ۋە باشلىنىش نۇقتىسى.** «ئېرىقچىلىقتىن بوشىغان يەردە دەل ـ دەرەخ (ئوت ـ چۆپ) ئۆستۈرۈش، تاغنى قورشاپ ئورمان بىنا قىلىش، ئاشلىق بېرىپ قۇتقۇزۇش، شەخسىيلەرگە ھۆددىگە بېرىش» تىن ئىبارەت ئۇنىۋېرسال تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئاشلىقنى تەمىنلەش يولى بىلەن دەل ـ دەرەخ ۋە ئوت ـ چۆپ ئۆستۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك پىلانلاپ، ھەر تەرەپلىمە تىزگىنلەپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ئىرىشىپ ياخشىلاپ، ئىقتىساد، نوپۇس، بايلىق ۋە مۇھىتنىڭ ماس تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

**پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى كۈچەپ راۋاجلاندۇرىمىز. بۇ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ مۇھىم شەرتى ۋە كاپالىتى.** تېخنىكىدا ھالقىش ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنى تىكلەپ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ، قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، تېخنىكىلىق يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى تۆھپە نىسبىتىنى ئۆستۈرىمىز. ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، 21 ـ ئەسىردىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرىمىز.

بۇ يىل بىز يەنە ئاپتونوم رايونىمىز خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 10 ـ بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقىمىز. بۇ، دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە باشلاشتىكى تۇنجى 5 يىللىق پىلان بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 21 ـ ئەسىردىكى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئومۇمىيلىقىغا مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، جايلار ۋە تارماقلار بۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلىشى؛ 10 ـ بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈشتە، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۇنى ئالدىن كۆرەرلىككە، ئىستراتېگىيىلىككە، سىياسەتچانلىققا ۋە قوللىنىشچانلىققا ئىگە قىلىشى لازىم.

(ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىدا بېرىلگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» تىن ئېلىندى.)

# قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى چىڭ تۇتۇش نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش

ۋاڭ لېچۈەن

نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش ھەر قايسى جايلار ئۆز ئورنىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئاساس قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت.

نۆۋەتتە، بىز غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتەك تېپىلغۇسىز پەيتكە دۇچ كەلمەكتىمىز. جايلار ھەم يىراق كەلگۈسىگە ئەھمىيەت بېرىشى، تېخىمۇ مۇھىمى نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. ئۈمىدنى يولغا قويۇلىدىغان چوڭ ـ چوڭ تۈرلەر، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشىغىلا قويۇشقا بولمايدۇ. بىز غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پەيتىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى پۇختا ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى، سانائەت قۇرۇلمىسىنى، 3 ـ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى شۇنىڭدەك 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ كەسىپلەر ئارىسىدىكى قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە زېھنىمىزنى قۇرۇلمىنى تەڭشەشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز لازىم.


يېزا ئىگىلىكىنى تەڭشەشتە، ئاساسلىقى بازارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئەڭ زور چەكلىمىدە ئاشۇرۇش لازىم. كېۋەزنى ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق پاختا چىقىدىغان جايلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەم سۈپەت مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىشىمىز، ھەم بىرلىك مەھسۇلات تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشىمىز لازىم. ئىقتىسادىي ئورمانلىق، مېۋە ـ چېۋە كەسپىنى ئىمكان قەدەر تېزلىكتە كۆلەمگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتىكى ئەڭ زور يوشۇرۇن كۈچ قانداق قىلىپ چەكلىك يەر بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتا. سۇنى تېجەشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان سۇغىرىش تېخنىكىسى ئىنقىلابى ئارقىلىق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى كۆپەيتىش يولى بىلەن تېرىش ـ تىكىش ئىنقىلابىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىدىكى چوڭ ئۆزگىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن پايدىلىنىپ، مەركەزنىڭ تۈرلۈك ئېتىبارلىق سىياسەتلىرىنى ئوبدان قوللىنىپ، سانائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇرۇشىمىز، قەرزنى پايغا ئايلاندۇرۇش، ھېسابىنى ئېسىپ قويۇپ سېتىش، ۋەيران بولۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىكتە قول سېلىپ ئىشلەپ، ئالدىنقى مەزگىللىك خىزمەتلەرنى ياخشى قىلىشىمىز لازىم. ئۆتكەن يىلى بىر قانچە كەسىپنىڭ ئەھۋالى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، بولۇپمۇ نېفىت، توقۇمىچىلىق كەسىپلىرىنىڭ ئەھۋالى يامان ئەمەس بولدى. بۇ يىل بىناكارلىق، ماتېرىيال سانائەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئۇنى ئىقتىسادىمىزنىڭ مۇھىم ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. شەھەر ـ بازارلارنى راۋاجلاندۇرۇشتا، بىر قولدا ئىسلاھاتنى، يەنە بىر قولدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تۇتۇش لازىم. ئىجتىمائىي رايونلار مۇلازىمىتىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز لازىم.

جايلار بۇ يىل ئىدىيىۋى ئىستىل، خىزمەت ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى ھاسىل قىلىشى، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەشنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم. بۇ يىل بىز «خەلق رايىغا بېقىش قۇرۇلۇشى» نى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ تۇتماقچىمىز. جايلار ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، قالايمىقان سېلىق چېچىش، قالايمىقان ھەق يىغىش مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار خىزمەت ئىستىلىنى جەزمەن ئۆزگەرتىپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ، ئاممىنىڭ دەرد ـ ئەلىمىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاممىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىشى لازىم. 2000 ـ يىلى ئىدىيىۋى ئىستىل، خىزمەت ئىستىلىمىزنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

جايلار چاغان، قۇربان ھېيت بايرىمىدىن ئىلگىرى قىيىنچىلىقى بار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ياخشى ھەل قىلىشى لازىم. كارخانىلار بازارلىق مەھسۇلاتلارنى كۈچەپ ئىشلەپچىقىرىشى لازىم. جايلار مۇقىملىق خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش خىزمەتلىرىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

(ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم شۇجىلىرى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىن ئېلىندى.)



# غەربي قسمنى ئېچشتكى يېڭى پكر يولى

لوجنچياڭ

غەربىي قىسمنى ئېچىش يېڭى مەسىلە ئەمەس، 1985 ـ يىلى لەنجۇدا چاقىرىلغان غەربىي قىسمنى راۋاجلاندۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنىدىلا غەربىي قىسىم دېگەن ئۇقۇم ۋە غەربىي قىسمنى ئېچىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەمدە مۇناسىپ تەسەۋۋۇر ۋە تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، غەربىي قىسمنىڭ تەرەققىياتىدا دۆلىتىمىز قولغاندىن بويان كۆرۈلۈپ باقمىغان نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ خەلقئالەمگە ئايان. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، دۆلەت قوللانغان بەزى تەدبىر ۋە سىياسەتلەردە كۆزلەنگەن نىشان تولۇق ئىشقا ئاشماي قالدى، شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىم ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كىچىكلىمىدى، بۇنىڭدىكى سەۋەبلەر ناھايىتى مۇرەككەپ بولسىمۇ، لېكىن قايتا ئويلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

دۆلەت غەربىي قىسمنى ئېچىش مەسىلىسىگە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، غەربىي قىسمنى ئېچىش كېيىنكى ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنىڭ ئىشقا ئېشىش ـ ئاشماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھازىرقى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمنى ئېچىشتى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ يېڭى باسقۇچ دۇچ كېلىۋاتقان ئارقا كۆرۈنۈش ۋە شەرت ـ شارائىتلار ئۆتكەنكىگە پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدۇ.

بىرىنچىدىن، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ۋە ئىقتىسادىي مۇھىتتا بەزى يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئېلىمىز سېتىۋالغۇچى تەرەپ بازىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى بەلگە قىلغان يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا، قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە ئومۇمىي سەۋىيىنى ئۆستۈرۈش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى بازارنىڭ بايلىقنى تەقسىملەشتىكى رولىنى كۈندىن ـ كۈنگە زورايتماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى غەربىي قىسمنى راۋاجلاندۇرۇش پىكىر يولىغا ۋە ئۇنىڭ راۋاجلىنىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، غايەت زور خىرىسنى شەكىللەندۈردى. خەلقئارادىمۇ بەزى يېڭى يۈزلىنىشلەر بارلىققا كەلدى، مەسىلەن، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىش يۈزلىنىشى، سىجىل تەرەققىياتنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە بىلىم ئىگىلىكىنىڭ ئۆز كارامىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە كۆرسىتىشىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ يۈزلىنىش ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمنى راۋاجلاندۇرۇشىغا غايەت زور تەسىر پەيدا قىلىدۇ، بۇنى ئەستايىدىل ئويلاشماي بولمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئېلىمىزنىڭ ئىككىنچى قەدەملىك ئىستراتېگىيىلىك نىشانى 1999 ـ يىلى ئاخىرلىشىدۇ، 2000 ـ يىلدىن باشلاپ ئۈچىنچى قەدەملىك ئىستراتېگىيىلىك نىشان ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، ئېلىمىز ئوتتۇرا دەرىجە-

لىك تەرەققىي تاپقان دۆلەت بولۇش نىشانىغا قاراپ تىرىشىدۇ، ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمنى راۋاجلاندۇرۇش مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك نىشانغا ئايلىنىدۇ. مەيلى غەربىي قىسىم ياكى ئوتتۇرا قىسىم بولسۇن بۇ يېڭى ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئەستايىدىل ئورۇنلىشى كېرەك. بولۇپمۇ باش شۇجى جياڭ زېمىن ۋە مەركىزىي كومىتېت غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ھەققىدە كۆپ قېتىم يوليورۇق بەرگەندىن كېيىن، غەربىي قىسىمنى قانداق راۋاجلاندۇرۇش، قانداق قىلىپ كەڭ كۆلەمدە ئېچىش تېخىمۇ تەخىرسىز ئىش بولۇپ قالدى.

ئۈچىنچىدىن، بىر نەچچە يىللىق ئەمەلىيەتنى باشتىن كەچۈرۈپ، غەربىي قىسىمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشقا، تېخىمۇ مول تەجرىبىگە ئىگە بولدۇق، ئون نەچچە يىللىق ئىزدىنىش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ئۈنۈملۈك يول ۋە چارىلەرنى تېپىپ، غەربىي قىسىمنى ئېچىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىش ئۈچۈن تېخىمۇ پۇختا ئاساس سېلىۋالدۇق.

مېنىڭچە، غەربىي قىسىمنى ئېچىش يولىدىكى ئون نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق، مۇنداق بېشارەتلەرگە ئىگە بولدۇق:

بىرىنچى، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى كۈندىن ـ كۈنگە ئۆرلەپ، ئېچىشنىڭ تەخىرسىزلىكى بارغانسېرى كۈچەيدى. ئۆتكەنكى ئون نەچچە يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، غەربىي قىسىمنى ئېچىش نەزەرىيە مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى رېئال مەسىلە بولۇپ قالدى؛ ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سىياسىي مەسىلە بولۇپ قالدى. يەر كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەت يەر كۆلىمىنىڭ 70% تىن كۆپرەكىنى، ئاھالىسى ئۈچتىن بىرنى ئىگىلەيدىغان غەربىي قىسىمنى ئاچمىغاندا، جۇڭگونى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، مەملىكەت ئىچىدىكى ئۈنۈملۈك ئېھتىياج يېتەرسىز بولۇش مەسىلىسىنى تۈپتىن پەسەيتىش مۇمكىن ئەمەس، مەملىكەت ئىچىدىكى بازارنى ھەقىقىي كېڭەيتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر غەربىي قىسىمنىڭ مەسىلىسى ھەل قىلىنمايدىغان بولسا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى بايلىق تەقسىملەشنى سەرخىللاشتۇرۇش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش، پۈتۈن پۇقرالارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە بىخەتەرلىكىنى كۈچەيتىش، جۇڭگونىڭ كېيىنكى ئەسىردىكى سىجىل تەرەققىياتى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. غەربىي قىسىم مەسىلىسى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىدا بارغانسېرى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىمەكتە. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، غەربىي قىسىم مەسىلىسى ئوبدان ھەل قىلىنمىسا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كېيىنكى ئەسىردىكى تەرەققىياتى مەسىلىسىنىمۇ ئوبدان ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچى، غەربىي قىسىمنى ئېچىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى تولۇق تونۇش ۋە مۆلچەرلەش كېرەك، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنى ئېچىش ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇشكۈللۈك، مۇرەككەپلىككە ئىگە. شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمنىڭ پەرقى قىسقا مۇددەت ئىچىدە شەكىللەنگەن ئەمەس، بەلكى ئۇ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزاق تەرەققىيات داۋامىدا توپلىنىپ قالغان ھادىسە، ئۇنى بىر ئەجرە بىلەنلا قىسقا مۇددەت ئىچىدە ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمنىڭ پەرقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللار مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى سەۋەبلەرلا بولۇپ قالماستىن، ئىجتىمائىي، كۆز قاراش، ئاساس، رايون ئورنى، بايلىق قاتارلىق تەرەپلەردىكى سەۋەبلەرمۇ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، غەربىي قىسىمنى ئېچىش ئىنتايىن مۇرەككەپ ئۇنىۋېرسال قۇرۇلۇش بولۇپ، بۇنىڭدا بىر نەچچە تۈرلۈك سىياسەت ۋە قۇرۇلۇش بىلەنلا مەسىلە ھەل بولمايدۇ. مەسىلەن، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىش جەھەتتە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ۋەزىيەتنى ئېچىشتا ناھايىتى زور رول ئوينىدى، لېكىن شۇنىڭغا يېقىن سىياسەتلەرنى غەربىي قىسىمدا قوللانغاندا ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئىنتايىن ئاز بولدى. 1997 ـ يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، غەربىي قىسىمدىكى 11 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ جەلپ قىلغان چەت ئەل مەبلىغى پۈتۈن مەملىكەتتىكىنىڭ ئاران 12.1% تىنى تەشكىل قىلغان، روشەنكى، بۇنى سىياسەت ئامىلى بىلەن چۈشەندۈرۈش تەس. ئاسىيا پۇل مۇئامىلە بورىنى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى پۇلنى قىسىشنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزدى، لېكىن تەسىرگە ئۇچراش دەرىجىسى جەھەتتە شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىم ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى زور بولدى. 1999 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، شەرقىي قىسىمدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 15.9% ئاشقان، غەربىي

قىسمىنىڭكى 64% . 4 بولۇپ، ئارىلىقتىكى پەرق 3.4 ھەسسە بولغان. ئىجتىمائىي پارچە سېتىش ئومۇمىي سوممىسى شەرقىي قىسىمدا 7.9% ئاشقان، غەربىي قىسىمدا بولسا 24% . 6 ئاشقان. بۇ ئەھۋال غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ خەۋپ ـ خەتەرگە بەرداشلىق بېرىش ۋە گۈللىنىش ئىقتىدارى بىر قەدەر ناچار ئىكەنلىكىنى، غەربىي قىسىمنىڭ رىقابەت كۈچى شەرقىي قىسىمنىڭكىدىن ئارقىدا قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، گەپ مانا مۇشۇ يەردە.

ئۈچىنچى، ئۆتكەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى قايتا ئويلىنىش ۋە خۇلاسىلەش زۆرۈر. بەزى تەدبىرلەر ئىجرا قىلىنىش داۋامىدا بۇنداق ياكى ئۇنداق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى، نەتىجىدە ئۈنۈمگە تەسىر يەتتى. پىكىر يولىدىن قارىغاندا، تەبىئىي بايلىقنى زور مىقداردا سەرپ قىلىشنى ئۆز ئالاھىدىلىكى قىلغان ئەنئەنىۋى سانائەتلەشتۈرۈشتەك تەرەققىيات ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى بىر قەدەر زور بولدى، پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ تەسىرى يەنىلا كۆپرەك بولدى، بۇ ئاساسلىق سەۋەب بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ رولى بىلەن بازارنىڭ رولىدىن ئىبارەت ئىككى رولنى جارى قىلدۇرۇشتا بازارنىڭ كۈچىدىن تېخىمۇ كۆپ پايدىلىنىپ، بازارنىڭ رولىدىن ياردەم ئالغاندىلا غەربنى ئېچىشنى سىجىل زاپاس كۈچكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

باش شۇجى جياڭ زېمىن: غەربىي قىسىمنى ئېچىشتا يېڭى پىكىر يولى بولۇشى لازىم، دەپ كۆرسەتكەن، بۇ «يېڭى» قەيەردە بولۇشى كېرەك؟

بىرىنچىدىن، غەربىي قىسىمنى ئېچىشنى ھەقىقىي تۈردە كېيىنكى ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاكتورلىرىدىن بىرى قىلىپ، نىشان بولۇش، ئومۇمىي پىلان بولۇش، سىياسەت بولۇش، تەدبىر بولۇش ھەتتا كۆرسەتكۈچ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

ئىككىنچىدىن، غەربىي قىسىمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يېڭى پىكىر يولى بىلەن ئويلىنىش لازىم. مەسىلەن، يىرىك بايلىق ئۇقۇمىنى تىكلەش لازىم، بۇ يەردىكى بايلىق مەبلەغ قاتارلىق ئەنئەنىۋى مەنىدىكى بايلىقنىلا كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى ئىختىساسلىق خادىملار، تۇزۇم، باشقۇرۇش، ئۇچۇر قاتارلىق كۆندىن ـ كۈنگە مۇھىم بولۇۋاتقان بايلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، يەر شارلىشىش بولسۇن ياكى بىلىم ئىگىلىكى بولسۇن، ئارقىدا قالغان رايونلارغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىپ، پەرقنى چوڭايتىۋېتىدۇ. يەنە مەسىلەن، شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىم ئوتتۇرىسىدا پەرق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان پاكىتنى نەزەردە تۇتۇپ، سىياسەت جەھەتتە پەرقلىق بولۇش ۋە قاراتمىلىق بولۇشنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىش، بىر تاياقتا ھەيدەشنى ئازايتىش لازىم. دۆلەتنىڭ سىياسەت جەھەتتىن تولۇقلاپ بېرىش رولى ئارقىلىق غەربىي قىسىم ئۈچۈن بىر قەدەر ياخشى بولغان بازار مۇھىتى يارىتىپ بېرىپ، غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ مەبلەغ، ئىختىساسلىق خادىملارغا بولغان جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، ئۇزاق مەزگىللىك ئومۇمىي پىلان ۋە ئوننۇيىلىق پىلاننى كۈچەيتىش، ئۇنى سىستېمىلىق، نوپۇزلۇق ۋە مەشغۇلاتچانلىققا ئىگە قىلىش، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئاساسەن «ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئادىللىققا ئېتىبار بېرىش»نى پەيدىنپەي تەدرىجىي «ئۈنۈم بىلەن ئادىللىققا تەڭ ئېتىبار بېرىش»كە ھەتتا «ئادىللىقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش»قا ئۆزگەرتىش لازىم.

تۆتىنچىدىن، دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش ھەمدە مەدەت بېرىش ئۇسۇلى ۋە مەدەت بېرىش مېخانىزمىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلاش لازىم. غەربىي قىسىمغا مەدەت بېرىش سالمىقى ۋە يۆنىلىشى جەھەتتە، بىرىنچىدىن، قاتتىق مۇھىت جەھەتتىن مەدەت بېرىش جەھەتتە يېڭى تەدبىر بولۇشى، چوڭ تەسەۋۋۇر ۋە ئۇزاق مەزگىللىك ئومۇمىي پىلان بولۇشى، غەربىي قىسىمدىكىلەر ئۆز ئالدىغا ئورۇندىيالمايدىغان ئۇچۇر تورى، قاتناش، ماتارىپ، خەۋەرلىشىش، پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرى قاتارلىقلارغا تېخىمۇ زور مەدەت بېرىش لازىم. ئىككىنچىدىن، يۇمشاق مۇھىت جەھەتتىن مەدەت بېرىش جەھەتتە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش لازىم. ئىسلاھات ئارقىلىق غەربىي قىسىمنىڭ مېخانىزم، تۈزۈلمە جەھەتتىن بۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، مەبلەغ سېلىش مۇھىتى ۋە كارخانىلارنىڭ تىجارەت مۇھىتىنى ياخشىلاش، شۇ ئارقىلىق غەربىي قىسىمنىڭ بازار رىقابىتىدىكى ئاجىز ئورنىنى ئۆزگەرتىش، تۈزۈم جەھەتتىن يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىش ئارقىلىق، غەربىي قىسىمنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن تۈزۈم ئاساسى يارىتىش لازىم.

(ئاپتور: گوۋۇيۈەن تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

قادىر داۋۇت (ت)

# ئېلىمىزنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلىرى بىلەن غەربىي قىسمىدىكى رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى پەرقلەر

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، شەرقىي قىسمىدىكى دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلار ئۆزىنىڭ بىر قەدەر ياخشى بولغان ئىقتىسادىي ئاساسى، ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە دۆلەتنىڭ مەدەت بېرىش سىياسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىقتىسادنى يۇقىرى سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتكۈل ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىنى يېتەكلەيدىغان مۇھىم كۈچكە ئايلاندى. ئېلىمىزنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلىرى ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت يەر كۆلىمىنىڭ 14.13% تىنى، پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 42.6% تىنى، تەبىئىي بايلىق زاپىسىنىڭ 8% تىنى ئىگىلەيدىغان تەبىئىي شەرت - شارائىتى ئارقىلىق ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايونلاردىكىنىڭ 2.11 ھەسسىسىگە، غەربىي قىسمىدىكى رايونلاردىكىنىڭ 4.07 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغان مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى ياراتتى. شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىيات تەكشى بولماسلىق مەسىلىسى كۈندىن - كۈنگە گەۋدىلىك بولۇپ، شەرقىي قىسمىدىكى رايونلار بىلەن غەربىي قىسمىدىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانسېرى كېڭەيدى ۋە ئۈزلۈكسىز كېڭىيىش يۈزلىنىشىدە تۇرماقتا.

بۇ پەرقنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى مۇنۇلار:

بىرىنچى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرق. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1978 - يىلغىچە بولغان 30 يىلدا، ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلانغان مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى شەرقىي، ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭكىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 6.81%، 6.78%، 7.25% بولۇپ، غەربىي قىسمىنىڭكىسى شەرقىي قىسمىنىڭكىدىن يۇقىرى بولغان ئىدى؛ 1978 - يىلدىن 1995 - يىلغىچە، شەرقىي، ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 12.8%، 9.3%، 8.7% بولۇپ، شەرقىي قىسمىنىڭكىسى غەربىي قىسمىنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە ئىگىلىگەن سالمىقىدىن قارىغاندا، 1978 - يىلى شەرقىي، ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىنىڭ نىسبىتى 52.5 : 29.7 : 17.8 بولغان بولسا، 1995 - يىلى 59.26 : 14.5 : 5.5 بولۇپ، شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسمىنىڭ پەرقى 2.95 ھەسسىدىن كېڭىيىپ 4.07 ھەسسىگە يەتتى.

ئىككىنچى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرق. دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمىدىن قارىغاندا، 1980 - يىلى شەرقىي، ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىنىڭ پەرقى 1.39 : 1.11 : 1 ئىدى، 1995 - يىلى كېڭىيىپ 2.27 : 1.38 : 1 گە يەتتى. 1995 - يىلى شەرقىي، ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى شەھەر - بازارلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئايلىق كىرىمى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 400 يۈەن، 264 يۈەن ۋە 270 يۈەن بولغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ پەرق يەنىمۇ كېڭىيىپ كەتتى، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم پەرقى بۇ ئۈچ رايوندىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرقىنىڭ ئاساسىي تەرىپىگە ئايلاندى.

ئۈچىنچى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرق. شەھەرلىشىش بىر رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان بەلگە. ئېلىمىزنىڭ شەھەرلىشىش سەۋىيىسىدىن قارىغاندا، غەربىي قىسىم بىلەن شەرقىي قىسىم ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئاساسلىقى مۇنۇلاردا ئىپادىلىنىدۇ: غەربىي قىسمىنىڭ شەھەر مىقدارى ئاز، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ نىسبىتى تۆۋەن، شەھەر سىستېمىسىدا چوڭ شەھەر نىسبىتى كىچىك. 1999 - يىلى شەرقىي، ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىنىڭ شەھەرلىشىش نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 47.4%، 35.6%، 17% بولغان. غەربىي قىسمىنىڭكىسى شەرقىي قىسمىنىڭكىدىن 30% تۆۋەن، شەھەر - بازارنىڭ زىچلىق دەرىجىسىدىكى پەرق 56 ھەسسە بولغان.

# «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى بۇ يىلقى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش

«3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى بۇ يىلقى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئۇنى جەزمەن ياخشى تۇتۇشى كېرەك. ھەم «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى مەركەزنىڭ بۇ يىلقى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق خىزمىتىدىكى تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئىزچىللاشتۇرۇشى، بۇلارنى بىر بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قىلىشى لازىم. ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىكلەر پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز خىزمىتىدە يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى باغلايدىغان مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ ئەمىن بولۇشى ۋە ھاكىمىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىنىڭ مۇھىم ئۇلى. ناھىيە (شەھەر)لىك پارتكوم، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلىرى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ، ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت باغلاش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى شەھەر، بازار ئاساسىي قاتلاملىرىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتەك مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. ناھىيە (شەھەر) رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلىرى «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، بۇ تەربىيە داۋامىدا تىرىشىپ ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئويلىنىپ، نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، ئۆتكەنكىلەرنى يەكۈنلەپ، كەلگۈسىگە تۈرتكە قىلىپ، خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى روھىي ھالەت بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپ، پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم.

(باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى گاۋجۇ شەھىرى رەھبەرلىرىنىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىن ئېلىندى.)

# ناھىيە (شەھەر)لەرنىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى چوڭقۇر، پۇختا قانات يايدۇرايلى

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى چاغان ئەمدىلا تۈگىشى بىلەن بىر قىسىم ناھىيە (شەھەر)لەرگە بېرىپ، ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «ئۈگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلدى، ئۇلارنى بىۋاسىتە سەپەرۋەر قىلدى. بۇ، پۈتۈن پارتىيىدە ئېسىل ئىدىيىۋى ئىستىل، خىزمەت ئىستىلى تىكلەش، خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ ئۈلگە بولۇش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇش، پارتىيىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى، جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتىش، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم، چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، بولۇپمۇ ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلار مەركەزنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى چوڭقۇر، پۇختا، ياخشى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشى، مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ناھىيە (شەھەر)لەرنىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل، چىڭ، ياخشى تۇتۇشى لازىم.

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىـ

يىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق، ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ھازىر، ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى، رەھبىرىي كادىرلار ۋە ۋىلايەت، شەھەر، نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىكلەرنىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. ئومۇمەن قارىغاندا، رەھبەرلىك بەنزىلىرى، رەھبىرىي كادىرلار ئىدىيە، سىياسىي، ئىستىل، ئىنتىزام جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەپ، مەركەزنىڭ تەلىپىگە ئاساسىي جەھەتتىن يەتتى. بۇ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئومۇمىي جەھەتتىن يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ چېرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇپ، ئاينىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە خېيىمخەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈپتىن كاپالەتلىك قىلىشتا تامامەن زۆرۈر، ئەمەلىيەت بۇ قېتىمقى «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ يېڭى مەزگىلدە پارتىيە قۇرۇلۇشى، بولۇپمۇ رەھبەرلىك بەنزىلىرى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىي ـ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتىكى بىر قېتىملىق ئىجادىي ئىزدىنىش ئىكەنلىكىنى، يەنئەندىكى ئىستىل تۈزەش روھى ۋە پارتىيىنىڭ «3 چوڭ ئىستىلى»نىڭ يېڭى مەزگىلدە جارى قىلدۇرۇلۇشى ۋە بېيىتىلىشى، «پارتىيە پارتىيىنى باشقۇرۇش»، «پارتىيىنى قاتتىق ئىدارە قىلىش»نىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ھازىر ئۆلكە، مىنىستىرلىك ۋە ۋىلايەت، شەھەر، نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك بەنزىلەر ۋە كادىرلارنىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش ئاساسىدا، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى كەڭ، پۇختا قانات يايدۇرۇش ـ پۈتكۈل «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى. ئومۇمەن قارىغاندا، مەملىكەتتىكى 2000 دىن ئارتۇق ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى ياخشى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى يولداشلارغا سىياسىي جەھەتتىن ئىشەنچكە بولىدۇ، ئۇلار خىزمەتتە ئەستايىدىل، تىرىشچان بولۇپ، ھەرقايسى جەھەتلەردە ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

ئۇلار ياش ۋە قابىلىيەتلىك، مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى، ئىدىيىدە بىر قەدەر جانلىق بولۇپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلىدۇ، پارتىيىنىڭ لۇشيەنى ۋە مەركەزنىڭ سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە نۇرغۇن جاپالىق كۈچ سەرپ قىلدى، بىراق شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، مۇشۇ دەرىجىلىكتىكى كادىرلاردىمۇ بەزى روشەن ئاجىزلىق ۋە يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت، گەۋدىلىك مەسىلە ـ ئۇلار ئارىسىدىكى نۇرغۇن يولداشنىڭ ماركسىزم نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىشى، مۇرەككەپ ۋەزىيەتلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارى، پارتىيە ئىچىدىكى تۇرمۇش ۋە ئاممىۋى خىزمەتنى چىڭىتىش جەھەتتىكى چېنىقىشى يېتەرسىز بولماقتا، بەزى يولداشلار ھەممىشە ئۆزىنى يۇقىرى مۆلچەرلىۋالىدۇ، ئۇلاردا تەلەپچان بولۇش روھى كەمچىل، زور كۆپ قىسىم يولداشلاردا پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى جەھەتتە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۇنداق ياكى مۇنداق مەسىلە مەۋجۇت، بەزىلىرىدە تېخى بىر قەدەر ئېغىر، شۇڭا، ناھىيە (شەھەر)لەردىكى «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى ئەستايىدىل ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ناھىيە (شەھەر)لەردىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرى، رەھبىرىي كادىرلارغا ئېلىپ بېرىلىدىغان «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىدە، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىسى، رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىكلەر ۋە ۋىلايەت، شەھەر، نازارەت دەرىجىلىكلەرنىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىدىكى تەجرىبىلىرىنى تولۇق ئۆرنەك قىلىپ، ئۇنى ناھىيە (شەھەر)لەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە يېڭى ۋەزىيەتكە، نۆۋەتتىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىستىل تۈزىتىش روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى

ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى جەھەتتە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىش كېرەك. سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشنى يادرو قىلىپ، مۇنداق 5 جەھەتتىكى مەسىلىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش كېرەك: 1. ماركسىزمغا بولغان ئېتىقاد ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئەقىدىسىنى قەتئىيلەشتۈرۈش؛ 2. پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە مەركەزنىڭ زور سىياسەتلىرىنى قەتئىي، ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش؛ 3. جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش؛ 4. دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ تۈرلۈك بەلگىلىمىلىرىگە قەتئىي رىئايە قىلىش؛ 5. راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، ئەمەلىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەش، ئاممىغا تايىنىپ ئىش بېجىرىشتەك ئېسىل ئىستىلنى تىكلەش كېرەك.

ناھىيە (شەھەر)لەردىكى «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى چوڭقۇر، پۇختا ئىشلەشتە نەزەرىيە ئۆگىنىش، تونۇشنى ئۆستۈرۈش، ئۆگىنىش ئىستىلىنى توغرىلاشنى «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈش كېرەك، ئالدى بىلەن مەركەزنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقى، زۆرۈرلۈكىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش. مۇشۇ ئاساستا، مەركەز بەلگىلىگەن ئۆگىنىش تەلىپى بويىچە، ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتابلارنى قېتىرقىنىپ ئوقۇپ چىقىش، تەتقىق قىلىش كېرەك. ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش ئاساس، شۇڭا نەزەرىيە ئۆگىنىشكە يېتەرلىك ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچنى ئاجرىتىپ، كاللىنى قوراللاندۇرۇش كېرەك. نەزەرىيە ئۆگىنىش چوڭقۇر بولغاندىلا، تونۇش سەۋىيىسىدە ئۆسۈش بولىدۇ، مەسىلىنى تەكشۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئوپېراتسىيە قىلىش سالمىقىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتەك ئۆگىنىش ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇشنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، مەۋقەنى مەسىلىنى ھەل قىلىشقا قويۇش كېرەك، ئۆزىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، ئىدىيە ئەمەلىيىتىگىمۇ بىرلەشتۈرۈپ، دۇنيا قاراش، تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى جەھەتتە ئۆزىدىكى پەرق ۋە مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىش؛ كىتابتىنلا ئۆگىنىپ قالماي، ئەمەلىيەتتىن، ئاممىدىن ئۆگىنىش؛ مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش بىلەنلا بولدى قىلماي، ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغانلىق تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش داۋامىدىمۇ ئىلگىرىلەش كېرەك.

ناھىيە (شەھەر)لەردىكى «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى چوڭقۇر، پۇختا ئېلىپ بېرىشتا، تەنقىد، ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالىنى ئېلىپ، ئىجابىي، ساغلام ئىدىيىۋى كۆرەشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. ھازىرقى بەزى رەھبەرلىك بەنزىلىرى بوشاڭ ۋە چېچىلاڭغۇ، ئۇلارنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقى تۆۋەنلەپ كەتتى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۇزاققىچە ھەل بولماي كەلدى؛ ئاز ساندىكى رەھبىرىي كادىرلار ھوقۇق، پۇل، ئىشقى ـ ھەۋەسنىڭ مەپتۇن قىلىشىغا بېرىلىپ كېتىپ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ كۆمچىگە چوغ تارتتى، ھەتتا جىنايەت يولىغا ماڭدى، بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر سەۋەب پارتىيە ئىچىدە ئىجابىي، ساغلام ئىدىيىۋى كۆرەشنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدا، تەنقىد، ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنىڭ قانات يايدۇرۇلمىغانلىقىدا، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى كەسكىن، ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇش ـ يايدۇرماسلىق «3 كە ئەھمىيە بېرىش» تەربىيىسىنىڭ سۈپىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتا مۇھىم، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويماي، ئەھمىيىتى يوق قۇرۇق مۇنازىرە ئۈستىدىلا توختاپ قىلىشقا بولمايدۇ، سەتلىشىشتىن، ئېغىر كېلىشتىن قورقۇشتەك ئىدىيىۋى ئەندىشىنى قەتئىي يېڭىپ، كۆڭلى ـ كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ، مەسىلىگە توغرا قاراپ، كەمچىلىكنى يوشۇرماي ئۆزىنى ئەستايىدىل ئوپېراتسىيە قىلىش كېرەك، تەنقىدنى قانات يايدۇرۇشتا ھەم ئەستايىدىل بولۇش ھەم قىزغىن بولۇش، سىردىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. تەنقىد ياكى ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش، ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئۇشاق ئىشلارغا ئېسىلىۋالماسلىق، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەم ئى

دىيىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، ھەم يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش مەقسىتىگە يېتىش كېرەك.

ناھىيە (شەھەر)لەرنىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى چوڭقۇر، پۇختا ئېلىپ بېرىشتا، ئاممىغا قەتئىي ئىشىنىپ ۋە تايىنىپ، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىۋى لۇشيەندە ئەستايىدىل مېڭىش كېرەك. ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئاساسىي قاتلامدىكىلەر بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىدۇ، ئۇلارغا ئاممىنىڭ پىكرى كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار بۇنىڭدىن كۆپ ئەندىشە قىلىپ، «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى ئاشكارا ئېلىپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. پارتىيىلىك كادىرلىرىمىز خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلاردۇر، ئاممىنىڭ پىكرىنى تولۇق ئاڭلاش مۇلازىملىقىنى ياخشى قىلىشنىڭ شەرتى ۋە ئاساسى. «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى ئاممىدىن پىكىر ئالىدىغان، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدىغان، ئاممىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى قوبۇل قىلىپ خىزمەتنى ياخشىلايدىغان ياخشى پۇرسەت دەپ بىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاممىنى پائال يېتەكلەپ، ناھىيە (شەھەر)لەردىكى رەھبىرىي كادىرلارغا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بېرىش كېرەك. ئەمەلىيەت «مەسىلىنى ئۆزىدىن ئىزدەش، ئاما ئوتتۇرىغا قويۇش، يۇقىرى دەرىجىلىكلەر كۆرسىتىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش»نىڭ ياخشى ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. كۆپ ساندىكى كادىر، ئاممىنىڭ سىياسىي ئاڭغا ئىگە ئىكەنلىكى، ھەق ناھەقنى ئېنىق ئايرىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىش، ئاممىنىڭ پىكرىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش، ئۇنى خىزمەتنى ياخشىلاشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قىلىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئىدىيە، خىزمەت جەھەتتە ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ.

ناھىيە (شەھەر)لەرنىڭ «3 كە ئەھمىيە بېرىش» تەربىيىسىنى چوڭقۇر، پۇختا ئېلىپ بېرىشتا تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىشنى «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈش داۋامىدا، ئاما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەردە ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىكلىرىنى دەرھال ئۆزگەرتىپ، ئاممىنى «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ئۇلارنىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش كېرەك. «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسى ئاخىرقى ھېسابتا تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىشتە ئىپادىلىنىدۇ، تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى مۇھىم ھالقا سۈپىتىدە ھەقىقىي چىڭ تۇتۇش كېرەك.

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ناھىيە (شەھەر)لەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئۈچۈن سەپەرۋەرلىك قىلىپ بىزگە ئۈلگە بولدى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار چوقۇم مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشى، بولۇپمۇ پارتكوم شۇجىلىرى 1 - مەسئۇل كىشىلىك مەجبۇرىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، مەركەزنىڭ تەلىپى بويىچە، ناھىيە (شەھەر)لەرنىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. سەييارە كۆزدىن كۆچۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنى ياخشى تەشكىللەپ، كۈچلۈكلىرىنى گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا سەپلەپ، ئۇلارنىڭ نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، يېتەكچىلىك قىلىش، ئۆتكەلنى ئىگىلەشتىكى رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى بىلەن نۆۋەتتىكى خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، «ئىككىنى كېچىكتۈرمەسلىك، ئىككىنى ئىلگىرى سۈرۈش»نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئالدىنقى باسقۇچتا ئېلىپ بېرىلغان «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ مول تەجرىبىلىرى ئاساسىدا، كادىرلار، ئاممىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى بىلەن ناھىيە (شەھەر)لەرنىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىدە چوقۇم كۆزلىگەن نىشانىغا يېتىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى تۈرلۈك ئىشلىرىمىز كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بىز غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەيمىز.

(«خەلق گېزىتى» باش ماقالىسى)

# «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا دائىر بىر قانچە زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»نى ئۆگىنىش ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار



**5. «قارار»دا يۇقىرى ساپالىق ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار قوشۇنى قۇرۇش ھەققىدە قايسى يېڭى تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى؟**

سوتسيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدى. ئۇلار ئىدىيە، سىياسىي ساپاسى ياخشى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە قانۇن ـ نىزاملىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىدىغان، كۈچلۈك كەسىپچانلىققا ۋە مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە بولۇشى؛ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئۆز ساھەسىنىڭ كەسپىنى پىششىق بىلىدىغان، زامانىۋى باشقۇرۇش بىلىملىرىنى سىستېمىلىق ئىگىلىگەن، پۇل مۇئامىلە، پەن ـ تېخنىكا ۋە قانۇن قاتارلىق ئاساسىي بىلىمگە ئىگە، بازار ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەشكە ماھىر بولۇشى؛ قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، پاك ـ ئىنتىزامچان، ھەققانىي ئەمەلىيەتچىل، ئاممىا بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدىغان بولۇشى لازىم.

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش. پارتىيىنىڭ كادىرلارنى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاش، مەركەز ۋە يەرلىك پارتكوملار دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئىقتىسادىي جان تومۇرىغا ئالاقىدار تايانچ كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. كارخانىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش، باشقۇرۇش، تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش چارىسىنى ئورنىتىش ۋە ئۇنى پەيدىنپەي تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش لازىم. زامانىۋى كارخانىلارنىڭ تۈزۈمىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان كادىر تاللاش، كادىر ئىشلىتىش يېڭى مېخانىزمى ئۈستىدە پائال ئىزلىنىپ، تەشكىل تەكشۈرۈپ كۆرسىتىش بىلەن بازار مېخانىزمى كىرگۈزۈشنى، جەمئىيەتتىن ئاشكارا تەكلىپ قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، پارتىيە كادىر باشقۇرۇش پرىنسىپى بىلەن مۇدىرىيەت قانۇن بويىچە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنى تاللاش ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ئادەم ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش لازىم. دۆلەت كارخانىلىرى رەھبەرلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ كونكرېت چارىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىر بەنزىنى كۆپ تەرەپ باشقۇرۇشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەمدى كارخانا ۋە كارخانا رەھبەرلىرىگە مەمۇرىي دەرىجە بېكىتىلمەيدۇ. كارخانا ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرى بويىچە ئىختىساس ئىگىلىرى بازىرى يېتىلدۈرۈشنى تېزلىتىپ، كارخانا ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرى بويىچە ئىختىساس ئىگىلىرى ئامبىرى قۇرۇپ، ئاشكارا، باراۋەر بولۇش، رىقابەتلەشتۈرۈش، ياخشىلارنى تاللاش پرىنسىپىغا ئاساسەن ئىختىساس ئىگىلىرى بايلىقىنى تەقسىملەشنى سەرخىللاشتۇرۇش، ئىختىساس ئىگىلىرى تارماقلار ئىگىدارچىلىقىدا بولىدىغان، رايونلار بىلەن سىستېمىلارنى ئايرىۋېتىدىغان ئادەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىشىنى، ئۇلارنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. كۆپ خىل شەكىل قوللىنىپ تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. سودا ـ سانائەت باشقۇرۇش

كۆرسىلىرىنى داۋاملىق ئېچىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىنى ياخشىلاش، تەربىيىلەش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم. تىرىشىپ شارائىت يارىتىپ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ۋە كارخانىچىلار قوشۇنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىدىغان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش كېرەك.

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە چەكلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە ساغلاملاشتۇرۇش لازىم. ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ كىرىمىنى كارخانىنىڭ باشقۇرۇش نەتىجىسى بىلەن باغلاش، ماددىي رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن مەنىۋى رىغبەتلەندۈرۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ ھەم ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنى مەسئۇلىيىتى ۋە تۆھپىسىگە مۇناسىپ ھەق ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ھەم پىداكارلىق روھىنى تەشەببۇس قىلىش، كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقۇچىلارنى تەشۋىق قىلىش ۋە تەقدىرلەش، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش لازىم. ئاز ساندىكى كارخانىلار، دىرېكتورلار (زاۋۇت باشلىقلىرى)نىڭ يىللىق مائاش تۈزۈمى، پايغا ئىگە بولۇش ھوقۇقى قاتارلىق تەقسىمات ئۇسۇلىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، داۋاملىق ئىزلىنىپ، تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلىسە بولىدۇ. ئەمما بۇ ئىشتىن بوران چىقىرىشقا بولمايدۇ. ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ئالىدىغان ھەقنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش لازىم. نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تاشقى نازارەت بىلەن ئىچكى نازارەتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. قانۇنىي ئىگىلەرنى باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەت بىلەن ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىك نازارىتىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، كارخانا ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارغا بولغان مەبلەغ ئوبوروتى، ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش، كىرىم تەقسىماتى، ئادەم ئىشلىتىش تەدبىرى ۋە پاك ـ ئىنتىزامچان بولۇش قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەردىكى نازارەتنى كۈچەيتىش كېرەك. كارخانا باشقۇرۇش نەتىجىسىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى ۋە تەدبىر بەلگىلەشتىكى سەۋەنلىكنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، كارخانا رەھبەرلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مۇددەتتىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى تەپتىش قىلىشنى يولغا قويۇش، قانۇن ـ نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىشتەك سۇئىستېمالچىلىق قىلىپ كارخانىغا زور ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش لازىم. شۇنداقلا ئۇلارنى داۋاملىق رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە تەيىنلىمەسلىك ياكى باشقا جايدا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە تەيىنلىمەسلىك لازىم.

## 6. كارخانىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى قانداق كۈچەيتىش كېرەك؟

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار كارخانا ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا كارخانىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتىنى كارخانىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قىلىشى لازىم.

1. كارخانىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم. پارتكومىنىڭ تەشكىلات تارماقلىرى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، تەشەببۇسكار ھالدا ئالاقىدار تەرەپلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىشى لازىم. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ پارتگۇرۇپپىلىرى ئۆز سىستېمىسىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتىنى ئوبدان تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كارخانىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپلۈك مەدەت بېرىشى لازىم. پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا، پارتىيە، مەمۇرىيەت، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە ھەرقايسى تەرەپلەردىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، مەركەزنىڭ روھى بويىچە ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەرىكەتنى ماسلاشتۇرۇپ، كارخانىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتى ئۈچۈن، كارخانىدىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇش لازىم.

2. كارخانا پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاساسىي قاتلام

پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتا بىر تۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبە ھاسىل قىلىندى، ئۇ بولسىمۇ پارتكوملار پارتىيە قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار باشلامچىلىق بىلەن تۇتۇش، شۇ ئىشنى بۆلۈپ باشقۇرىدىغان مەسئۇللار كونكرېت تۇتۇش، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ئايرىم - ئايرىم تۇتۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى كەسىپلەر ۋە ھەر بىر كارخانىلار ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاساس قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە ۋەزىپە ئېنىق، مەسئۇلىيەت ئايدىڭ بولۇش، ھەرقايسىسى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم. پارتىيە قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورناتمىغان كارخانىلار ئىمكانقەدەر تېزلىكتە ئورنىتىشى لازىم. مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورناتقانلىرى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشكە دىققەت قىلىشى لازىم. يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملار پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلاردىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرى، رەھبىرىي كادىرلارنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشى ۋە ئۇنى مۇكاپاتلاش، جازالاش ۋە ئىشلىتىش بىلەن باغلىشى لازىم. مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ شەكىلگە ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

3. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىيەتتىن ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇش لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى نەتىجىسىدە كارخانىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى نۇرغۇنلىغان يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەرقايسى جايلار ۋە ھەرقايسى تارماقلار تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، نۇرغۇن پايدىلىق ئىزلىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، بىر مۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى. چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا دىققەت قىلىش، ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ كېڭەيتىش لازىم. ھەم ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىنىڭ تەجرىبىسىنى خۇلاسىلەپ كېڭەيتىش، ھەم باشقىلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش، ئەينەك قىلىش، مەھكەم بېكىنىۋېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. تىپلارنى تۇتۇپ ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ، كۆپ خىل تىپلارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ۋە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق قانۇنىيەتلىك تونۇشقا ئىگە بولۇش كېرەك. بۇ بىر تۈرلۈك خىزمەت ئۇسۇلى مەسىلىسى، شۇنداقلا پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، رەھبەرلىك ئىستىلى مەسىلىسى. بۇ جەھەتتە زور ئىلگىرىلەش بولسا كارخانا پارتىيە قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسىدە يېڭى ئۆسۈش ھاسىل بولىدۇ.

4. كارخانىلاردىكى پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىلىرى قوشۇنىنى داۋاملىق مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئۈستۈرۈش لازىم. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ كۈچەيتىلىشى، كارخانىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ئىشلىرى كارخانىدىكى پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىلىرىنىڭ تىرىشىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىلىرى قوشۇنى، ئومۇمەن قارىغاندا، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەر ۋە يېڭى مۇھىتنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ياخشى قوشۇن بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيانقى يېڭىلار بىلەن كونىلارنىڭ ھەمكارلىشىشى ۋە يەڭگۈشلىنىشى داۋامىدا ئۆسۈپ يېتىلدى، ھەرقايسى جەھەتلەردىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. لېكىن، ۋەزىيەت تەرەققىي قىلماقتا، ئەھۋال ئۆزگەرمەكتە، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، كەسپىنى پىششىق بىلىدىغان، ئىستىلى دۇرۇس بولغان يۇقىرى ساپالىق كارخانا پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىلىرى قوشۇنىنى قۇرۇش ھېلىھەم بوشاشتۇرۇشقا ۋە كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان تەخىرسىز ۋەزىپە ھېسابلىنىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە تارماقلارنىڭ پارتگۇرۇپپىلىرى ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەقىقىي تەدبىر قوللىنىپ، مەركەزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۈرلۈك تەلەپلىرىنى ئەمەلىيەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئىدىيە، سىياسىي ۋە كەسپىي جەھەتلەردىن ئۈستۈرۈشى، خىزمەت جەھەتتە مەدەت بېرىشى، تۇرمۇش جەھەتتە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن تىرىشىپ زۆرۈر شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم.

(داۋامى بار)

**قادىر داۋۇت (ت)**

# كومپارتىيە ئەزالىرى ئىلىم-پەن ئۆگىنىشى، پەن-تېخنىكا ئىگىلىشى لازىم

ئىنجات ئەخمىدى

زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان ئۇنىۋېرسال قۇرۇلۇش، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ ۋە سوتسىيالىزمنىڭ تەقدىرى، ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ھالبۇكى، ئومۇمىيەتكە تاقىلىدىغان مۇنداق ئۇلۇغ قۇرۇلۇش — شوئار، مەمۇرىي بۇيرۇق ياكى باشقا ئاددىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئەمەس بەلكى ئادەم بىلەن، ئىلىم ـ پەن بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

سوتسىيالىزم — مەدەنىي جەمئىيەت، ئىلىم ـ پەن بىلەن قۇرۇلىدىغان جەمئىيەت، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ماس قەدەمدە راۋاجلىنىدىغان جەمئىيەت. سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزمدىن ئەۋزەللىكى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ كاپىتالىزمغا قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى بولىدىغانلىقىدا، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ تېخىمۇ يۈكسەك، ئەمگەكچىلەر سۈپىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بولىدىغانلىقىدا. ھازىرقى دۇنيادا ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئەمگەكچىنىڭ سانىدىن ئەمەس، ئۇنىڭ سۈپىتىدىن بەلگىلىنىدۇ. نادان ئەلدە سوتسىيالىزم قۇرغىلى بولمايدۇ. سوتسىيالىزم نادانلىق بىلەن سىغىشالمايدۇكى، ئۇنى تۈگىتىدۇ. نادانلىق سوتسىيالىزم ئەمەس. «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش كېرەك. پۈتكۈل مىللەتنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ـ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈرىي شەرتى، سوتسىيالىزم ماھىيىتىنىڭ ئىچكى تەلىپى.

بىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىز ئىلىم ـ پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، پەن ـ تېخنىكىنىڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىك رولى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىۋاتقان ۋە ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىن رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىش ۋاقتى بارغانسېرى قىسقىراۋاتقان، رىقابەت ئاساسەن ئىلىم ـ پەن ۋە پەن ـ تېخنىكىدىكى رىقابەت بىلەن ئىپادىلىنىۋاتقان بىر دەۋردە، ئىقتىساد، مەدەنىيەت بىر قەدەر ئارقىدا قالغان دۆلەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئوبيېكتىپ ۋەزىيەت ۋە دۆلەت ئەھۋالىمىزدىن پەيدا بولۇۋاتقان بېسىمنى تۈرتكە قىلىپ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئارىلىقنى قىسقارتىش، دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە تىرىشىپ يېقىنلىشىش ۋە ئېشىپ كېتىش — پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئالدىدىكى جاپالىق ۋە شەرەپلىك ۋەزىپە. بۇ ۋەزىپىنى ئىلىم ـ پەن بىلەن، پۇقرالارنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەنلا ئورۇندىغىلى بولىدۇ. شۇڭا، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك ئەمگەكچىلەرنى ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە ئىقتىسادنى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشنى دۆلەت سىياسىتى قىلىپ بەلگىلىشى چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

پارتىيە رەھبەرلىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنىڭ سىياسىي كاپالىتى. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلاش، بولۇپمۇ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش — سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم ئىش. پارتىيە ئاممىنىڭ يولباشچىسى، ئاممىنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى. پارتىيىنىڭ يۈكسەك ئابرۇيى ۋە يېتەكچىلىك رولى ئادەتتە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى كونكرېت ئىش ـ ھەرىكەتتە ئىپادىلىنىدىغان باشلامچىلىق رولى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.



هازىرقى شارائىتتا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇش-
يەنىنى ئىجرا قىلىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت
قىلىش ئىرادىسىدىلا ئەمەس، بەلكى زامانىۋى-
لاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنالايدى-
غان ئەمەلىي ماھارىتى—ئىلىم - پەن ۋە
پەن - تېخنىكىنى ئىگىلىشىدە گەۋدىلىنىشى
كېرەك.

ئىلىم - پەن — تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە
ئادەمنىڭ ماھىيىتى ھەمدە ئۇلارنىڭ تەرەققى-
يات قانۇنىيىتىنىڭ توغرا ئىنكاسى، تەبىئەت،
جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر توغرىسىدىكى بىلىم
سىستېمىسى. ئىلىم - پەننىڭ كۈچى شۇ
يەردىكى، ئۇ تەھلىل قىلىش ۋە يىغىنچاقلاش
ئارقىلىق ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى بايقاپ، كى-
شىلەرنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن قىب-
لىنامە ۋە قورال بولىدۇ. ئەگەر پارتىيە ئەزالىرى
مۇشۇ قانۇنىيەتنى بىلمىسە، شۇ قىبلىنامىدىن
ئايرىلسا قورالسىز قالىدۇ - دە، نادانلىق، مەھ-
كۇملۇق ۋە قارىغۇلۇقتىن ئازاد بولالمايدۇ. ئۇ-
نىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىش پائالىيىتىدە باشلام-
چىلىق، نەمۇنىچىلىك رول ئوينىشى ئۇياقتا
تۇرسۇن، دۇنيانى ئۆزگەرتىش پائالىيىتى بىلەن
شۇغۇللىنىشىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولماي-
دۇ.

ئىلىم - پەن — ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت
تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى بولۇش سۈپىتى بى-
لەن ناھايىتى كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ، ئۇنىڭ قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنۈشىدىن
قەتئىينەزەر تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن ۋە
تەپەككۇر پەنلىرىدىن ئىبارەت 3 چوڭ سىس-
تېمىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەيدۇ. ھازىرقى
دۇنيادا ئىلىم - پەن تەرەققىياتىدىكى يۈزلى-
نىش شۇكى، بىر تەرەپتىن، پەنلەر داۋاملىق
بۆلۈنۈۋاتىدۇ، دۇنيانىڭ ھەممە ساھەلىرى ئۈس-
تىدىكى تەرەققىيات چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ ۋە
ئىنچىكىلىشىۋاتىدۇ (بۇنىڭ بىلەن يېڭى تۈر-
لىرى كېڭىيىپ 2000 خىلدىن ئاشتى)؛ يەنە
بىر تەرەپتىن، تۈرلۈك پەنلەر بىر - بىرىگە
سىڭىشىپ، يۇقىرى دەرىجىدە بىر پۈتكۈل-
لۈكنى تەشكىل قىلىۋاتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە
بىلىمنىڭ كونىراش مۇددىتى بارغانسېرى
قىسقىراۋاتىدۇ، بۇ ھال ئۆگىنىشنى بىر خىل
تەخىرسىزلىككە ئايلاندۇرۇۋاتىدۇ. ھالبۇكى،
بىزدىكى تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ئۇنچىۋالا
كۈچلۈك ئەمەس؛ ئۆگىنىش بىرىنچى ئېھتى-
ياجغا ئايلىنىشتىن تېخى يىراق؛ بىر قىسىم
پارتىيە ئەزالىرى ئىلىم - پەندىكى ئەڭ ئەقەل-
لىي نەرسىلەرنى تېخى بىلمەيدۇ؛ خوراپات-
لىق ئېغىر، ھەتتا بەزى پارتىيە ئەزالىرى ئى-
لىم - پەنگە نولۇق ئىشەنمەيدۇ ياكى ئۇنىڭ-
دىن گۇمانلىنىدۇ. بۇ ھال ياشاۋاتقان دەۋرى-
مىزگە ماس كەلمەيدىغان، قىلىۋاتقان ئىشى-
مىز بىلەن سىغىشالمايدىغان، نامىمىزغا داغ
تەككۈزىدىغان پاسسىپ ھادىسە.

ئىلىم - پەن ئۆگىنىشتە ئىلمىي روھ ۋە
ئىلمىي پوزىتسىيە بولۇشى كېرەك. ئىلىم -
پەن ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ دۇنيانىڭ
بارلىق سىرلىرىنى ئېچىپ بولغىنى يوق. زۆ-
رۈرىيەت ئالەمىدىن ئەركىنلىك ئالەمىگە ئۆ-
تۈش ئۇنداق ئاددىي جەريان ئەمەس. شۇنى
ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، كىشىلەرنىڭ
بىلىشى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان
بىلىش ئوبيېكتىنى مەڭگۈ تولۇق ئەكس
ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، ئىلىم - پەندىمۇ ۋاق-
تىنچە چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان ۋە ۋاق-
تىنچە ھەل قىلغىلى بولمايدىغان مەسىلىلەر
بولۇپ تۇرىدۇ، ئادەمنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت
ۋە ئادەمگە بولغان بىلىشى بىر جەريان، ئى-
لىم - پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىمۇ بىر جەر-
يان. بىلىم — چەكسىز، ئىلىم - پەنمۇ چەك-
سىز. ئىنسانىيەتنىڭ بىلىشى يېڭى مەسىلى-
لەرنى ئۈزلۈكسىز سېزىش ۋە ھەل قىلىش
جەريانىدا راۋاجلىنىدۇ، ئىلىم - پەن يېڭى،
قىيىن مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز چۈشەندۈ-
رۈش جەريانىدا تەرەققىي قىلىدۇ. ئىنسانى-
يەتنىڭ بىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىگە
ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىدۇ. مانا بۇ
ئىلىم-پەننىڭ ھاياتىي كۈچ مەنبەسى. شۇڭا،
ئىلىم - پەندە بەزى مەسىلىلەرنىڭ ھازىرچە
تولۇق چۈشەندۈرۈلمەيۋاتقانلىقىغا قاراپ ئى-
لىم - پەندىن گۇمانلىنىش ياكى ئۇنىڭ رو-
لىنى ئىنكار قىلىش تۈپتىن خاتا.

ئىلىم - پەن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ
مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئىقتىسادىي قۇرۇ-
لۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىرىنچى ئامىل.
ئىلىم - پەننى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ نۇقتى-
سى - تېخنىكا سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈش،
پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇ-
رۇش، كىشىلەرنى ئىلمىي روھ تىكلەشكە
يېتەكلەش، ئىلمىي ئۇسۇلنى ئىگىلەپ ئى-
جادىيەت ۋە ئىختىرا قىلىشقا ئىلھام بېرىش-
تىن ئىبارەت.

ئىلىم - پەن ئۆگىنىشنى تەكىتلەش -
ھەممە ئادەمنى ئالىم قىلىش ئەمەس. ئىلىم -
پەن كۈنسېرى يېڭىلىنىۋاتقان بۇ دۇنيادا بىر
كىشىنىڭ ھەممە پەندىن كەسىپ ئەھلى بو-
لۇپ چىقىشىنى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ.
لېكىن ھەر بىر كىشىنىڭ ئىلمىي روھ ۋە
ئىلمىي پوزىتسىيىنى تىكلىشىنى تەلەپ قى-
لىشى يوللۇق ۋە ئورۇنلۇق. بۇ يەردە تەلەپ
قىلىنىۋاتقان ئىلمىي روھ - ئىلىم - پەنگە
ھۆرمەت قىلىش روھى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەت-
تىن ئىزلەش روھى، يېڭىلىق يارىتىش روھى.
ھەر بىر كىشى، بولۇپمۇ ھەر بىر پارتىيە ئە-
زاسى ئۆز ئورنىدا، ئۆز ساھەسىدە ياكى ئۆز
ئىشىدا شۇنداق قىلالىسا، ئىدىيىدە ئازاد بو-
لۇپ باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى
قىلدۇرالايدۇ.

پەن ـ تېخنىكا ــ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىي تەجرىبىلىرى ۋە ئىلمىي قائىدىلەرگە ئاساسەن شەكىللەنگەن باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ماھارەت بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، ھەر خىل ماددىي ئەسلىھەلەر، ئىشلەپچىقىرىش جەريانى، مەشغۇلات تەرتىپى ۋە ئۇسۇلى قاتارلىق نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەن ـ تېخنىكا ماھىيەتتە ئىلىم ـ پەننىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدە تەتبىقلىنىشى؛ يوشۇرۇن ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدىن رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىشى.

پەن ـ تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلىشى ئۇنىڭ مۇنداق ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلدى: مەسىلەن، پەن ـ تېخنىكا جەمئىيەتنىڭ ماددىي بايلىقىنى يارىتىشنىڭ سۈيىپكتىغا ئايلاندى؛ پەن ـ تېخنىكا ــ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سان جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى سۈپەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىنىمۇ بارلىققا كەلتۈردى؛ ئەمگەك قوراللىرى ماشىنىلىشىشتىن ئاپتوماتلىشىشقا ھەتتا ئەقلىيلىشىشقا، جىسمانىي ئەمگەكنى ئاساس قىلىش، ئەقلىي ئەمگەكنى ئاساس قىلىشقا يۈزلەندى؛ پەن ـ تېخنىكا كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرىپ، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئىدىيىسى ۋە روھىي قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. قىسقىسى، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىچىدىكى ئورنى ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى رولى ھەل قىلغۇچ ئورۇنغا چىقىپ 1 ـ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلۈك رولىنى نامايان قىلدى.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، پەن ـ تېخنىكا 1 ـ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېگەنلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەشكىل قىلىۋاتقان ئەمگەكچى، ئەمگەك ۋاستىلىرى ۋە ئەمگەك ئوبيېكتىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلغا پەن ـ تېخنىكىدىن ئىبارەت تۆتىنچى بىر ئامىل قوشۇلدى دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى مۇشۇ 3 ئامىلنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پەن ـ تېخنىكا 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ دېگەنلىك. شۇڭا، «پەن ـ تېخنىكا 1 ـ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» دېگەننى پەن ـ تېخنىكىدىكى ھەربىر تەرەققىيات كىشىلەرنىڭ دۇنيانى بىلىش سەۋىيىسىنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈردى، كىشىلەرنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئىقتىداردا يېڭى سەكرەش بولدى؛ پەن ـ تېخنىكىدىكى ھەر بىر نەتىجە ـ ئىلمىي ئىزدىنىش ۋە تېخنىكا يېڭىلاشنىڭ نەتىجىسى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئۇلۇغ ئەمەلىيەت، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ قوللىنىلىشى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى زورايتىش، ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىدا ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا 1 ـ دەرىجىلىك رول ئويناۋاتىدۇ، دېگەن مەنىدە چۈشىنىمىز.

ھازىر زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىز دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلە شۇكى، بىر تەرەپتىن، دۇنيادا پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىش ۋاقتى بارغانسېرى قىسقىراۋاتىدۇ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى رولى بارغانسېرى زورىيىۋاتىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆسۈشىدە پەن ـ تېخنىكا ئاران 5% ــ 20% نى ئىگىلەيتتى، 70 ـ يىللارغا كەلگەندە 60% ــ 80% نى، بىلىم توپلانغان كەسىپلەردە بولسا 100% نى ئىگىلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئېلىمىزدە نوپۇس كۆپ، سۈپەت تۆۋەن بولغاچقا، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئورنى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭكىدىن تۆۋەن ــ 30% ئەتراپىدا بولۇپ، سەرپىيات يۇقىرى، ئۈنۈم تۆۋەن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ 1/10 ىدىن 1/50 گىچە توغرا كېلىدۇ. بۇ ھال ئېلىمىزدە پەن ـ تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئېلىمىزدەك ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋاتلار يەنىلا خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىغان بىر دۆلەتتە پۈتكۈل مىللەتنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تولىمۇ جاپالىق، لېكىن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەقدىرىگە بېرىپ تاقىلىدىغان زور ئىش.

ئىلىم ـ پەن بارغانسېرى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئىنقىلابىي كۈچىگە ئايلىنىۋاتقان ھازىرقى دۇنيادا بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيلىك سەۋىيىسى ئىلىم ـ پەن بىلەن ئۆلچىنىۋاتىدۇ، رىقابەتكە تولغان بۇ دۇنيادا ئىلىم ـ پەن رىقابەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىغا ئايلىنىۋاتىدۇ. تارىختا ئۆزىنىڭ شانلىق مەدەنىيىتى بىلەن شۆھرەت قازانغان جوڭخۇا مىللەتلىرى بۇ دۇنيادا، سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا تېخىمۇ شۆھرەت تاپالايدۇ ۋە تېپىشى كېرەك، ھەرقايسى دەۋرلەردە باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن پارتىيە ئەزالىرى يېڭى تارىخىي دەۋردىمۇ بۇ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايدۇ ۋە جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. (06)

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى)

ئاسائا فوتوسى

# دېھقانلارمۇ ۋاستىچىغا موھتاج

ئۆزۈندىن بۇيان نۇرغۇن جايلاردىكى دېھقانلارنىڭ ئىدىيىسى مۇتەئەسسىپ، بازار كۆز قارىشى ۋە پەن - تېخنىكا ئېڭى ئاجىز بولغاچقا، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى يۇقىرى، كىرىم تۆۋەن بولۇش ھالىتىدە تۇرماقتا. سېتىش، سېتىۋېلىش قىيىن بولۇش، تېرىش، بېقىش، تۈرلەرنى تاللاش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دېھقانلارنىڭمۇ ۋاستىچىسى بولۇشى لازىم دەپ قارايمەن.

دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، بىرقانچە ئائىلە ياكى ئون نەچچە ئائىلە بىرلىشىپ، مەبلەغ چىقىرىپ، تېخنىكىنى، بازارنى بىلىدىغان، كۆپنى كۆرگەن قابىلىيەتلىك ئادەمنى ۋاستىچىلىققا تەكلىپ قىلسا ئىشلەپچىقىرىش پىلانى تۈزگەندە، ۋاستىچى دېھقانلارنى پەن -تېخنىكا، ئۇچۇر، بايلىق مەنبەسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، يېيىشلىك، سېتىش ئاسان، باھاسى مۇۋاپىق بولغان داڭلىق، ئالاھىدە، ئەلا سۈپەتلىك يېڭى مەھسۇلاتلارنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تۈجۈپىلىگەن، رايونلاشقان كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش يولىغا مېڭىشقا يېتەكلەيدۇ. ھوسۇل ئېلىش پەسلىدە، ھەر تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا بازار، خېرىدار تېپىپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، دېھقانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يولى تېپىش ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كەتكەن زېھنى كۈچى، مالىيە كۈچىنى تېجىگىلى ۋە ئازايتقىلى بولۇپلا قالماستىن، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ بېسىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرغىلى، بازارلارنى جانلاندۇرۇپ، يېزا - بازار خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئاۋاتلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

دېھقانچىلىق ئىشلىرىدىكى ۋاستىچىلارنىڭ دېھقان ئائىلىلىرىگە تېزرەك قەدەم قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. (07)

جاڭ جۈنمىڭ

# «دېھقانلار قانۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەكتىپى» ئېچىش ھەققىدە تەكلىپ

ئىلگىرى، يۇرتىمىزدا دېھقانچىلىقنىڭ ئارسالدى ۋاقىتلىرىدا ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدىكى ساۋاتسىز دېھقانلارنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇلارغا ئېلىپبەدىن ۋە باشقا مەدەنىيەت بىلىملىرىدىن ساۋات بېرىلەتتى، بۇنىڭ ئۈنۈمىمۇ ئىنتايىن ياخشى بولغانىدى. ھازىر ساۋاتسىزلىق ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما، قانۇننى بىلمەيدىغانلار كۆپىيىپ قېلىۋاتىدۇ. قوشنىلار ئوتتۇرىسىدىكى ماجرا، ئوغرىلىق قىلىش، ئۇرۇشۇش، قىمار ئويناش، زەھەر چېكىش، پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرۈش، ياشانغانلار، ئاجىزلار، ئانا - بالىلارنى خارلاش قاتارلىق ئەھۋاللار دائىم يۈز بېرىپ، يېزىلارنىڭ تىنچ- ئىتتىپاق بولۇشىغا ۋە ئىككى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشىغا ئېغىر ھالدا تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىغا دېھقانچىلىقنىڭ ئارسالدى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ «دېھقانلار قانۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەكتىپى» ئېچىپ، ئۇلارغا نۇقتىلىق ھالدا «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «ھەق- تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي پرىنسىپى»، «نىكاھ قانۇنى»، «ياشانغانلار، ئاياللار، بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى»، «ھەق - تەلەپ دەۋا قانۇنى»، «ئامانلىق باشقۇرۇش جازالاش نىزامى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملارنى ئۆگىنىش، ئەتراپىدىكى ئىشلار ئارقىلىق ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى تەربىيىلەپ، دېھقانلارنى قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى بىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئۇلۇغ ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدە تەكلىپ بېرىمىز. (07)

جۇمىڭ

## مائارىپ سېپىدىكى ياخشى باشلامچى



چىرا ناھىيە چىرا بازارلىق باشلانغۇچ مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى تۇرسۇنىياز سۇلايمان مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 34 يىلدىن بۇيان، ئۆز كەسپىگە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، پۈتۈن زېھىن قۇۋۋىتىنى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ئەترابلىق تەربىيىلەشكە، مەكتەپنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، شارائىتىنى ياخشىلاش ھەمدە بىر پۈتۈن خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشكە سىڭدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بازار تەۋەسىدىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوراقلىنىش نىسبىتى 99.5% كە، دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى 94.5% كە، ئوتتۇرىچە نەتىجىسى 89 كە يەتتى. تۇرسۇنىياز سۇلايمان يۇقىرىدىكى نەتىجىلىرى بىلەن مۇناسىپ ئۇنىڭ تۆھپىلىرى ئۈچۈن ئۇ بىر قانچە قېتىم ناھىيە، ۋىلايەت «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى. 1999 ـ يىلى ئۇ يەنە ۋىلايەت بويىچە «مۇنەۋۋەر مەكتەپ مۇدىرى» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. (07)

**ئەخمەتجان مەتقۇربان**

## ئايالللار خىزمىتىدىكى ياخشى باشلامچى



باي ناھىيە قاراباغ يېزا كەپتەرخانا كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئاياللار مۇدىرى، كومپارتىيە ئەزاسى تۇرنىساخان مۇھەممەت ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ يېزا ئاياللىرى ئارىسىدا پارتىيىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ بىر قانچە يىل ئىچىدە بىر قىسىم نامرات ئائىلىلەرگە 1200 يۈەن قىممىتىدە كىيىم ـ كېچەك، ئاشلىق، ئوتتۇن ـ كۆمۈر ياردەم قىلغاندىن سىرت، 25 جۈپ ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرانى مۇرەسسە قىلىپ، ئىناق ئائىلە قۇرۇشنى قولغا كەلتۈردى. ئاياللارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، باغ ئورمان بەرپا قىلىش، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىشقا يېتەكلەپ، كۆپ قېتىم ناھىيە، يېزا تەرىپىدىن «8 ـ مارت قىزىل بايراقدارى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «پىلانلىق تۇغۇت سېپىدىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى، يېقىندا ئۇ يەنە يېزىلىق پارتكوم تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالاندى. (07)

**قۇربان سايىم**

## خەلق ئەنە شۇنداق ساقچىغا موھتاج



باي ناھىيە قاراباغ يېزىلىق ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى، كومپارتىيە ئەزاسى سۇلتان قۇربان بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ 603 پارچە جىنايى ئىشلار ۋە ئامانلىق دېلوسىنى بىۋاسىتە ئىشلىدى، 9 ئورۇندا 180 كىشىدىن تەركىب تاپقان زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش گۇرۇپپىسىنى قۇردى، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىش جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 9 نى پاش قىلىپ، بىر قىمار شايكىسىنى نەق مەيداندا قولغا چۈشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ يېزىدا جىنايى ئىشلار، ئامانلىق دېلولىرىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى يىلدىن ـ يىلغا تۆۋەنلەپ، 1999 ـ يىلى جىنايى ئىشلار ئەنزىسىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 1998 ـ يىلدىكىدىن 25 %، ئامانلىق ئەنزىسى 41 % تۆۋەنلىدى.

ئۇ يۇقىرىقىدەك نەتىجىگە ئاساسەن، 1994 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىندى ھەم كۆپ قېتىم ناھىيە تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى»، «دېلو پاش قىلىش ماھىرى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» دېگەن شان ـ شەرەپكە ئېرىشتى.

## 600 يۈەنلىك مال ئىگىسىنى تاپتى



ئاقسۇ شەھەر قومباش يېزا ئاقئېرىق كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مۇھەممەتجان رۇسۇل 1999 - يىل 9 - ئايدا قومباش يېزا بازىرىدىن ئۆيىگە كېتىۋېتىپ تاش يولدىن 600 يۈەن قىممىتىدىكى ئاياغ ۋە كىيىم - كېچەك قاچىلانغان 2 تاغار تېپىۋالدى. مال ئىگىسىنىڭ قانچىلىك تىت - تىت بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلىغان مۇھەممەتجان رۇسۇل قىلچە ئىككىلەنمەي يولدىن ئۆتكەن كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئاخىرى مال ئىگىسىنى تېپىپ مالنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ ئەسلىدە ئاۋات ناھىيە بازىرىدىكى يەككە تىجارەتچى ئەخمەتجاننىڭ ماشىنىسىدىن چۈشۈپ قالغان مال ئىدى. (07)

**ئوسمانجان ئىسمائىل**

## 8 - لىيەندىكى خەلق ئەسكەرلىرى كۆۋرۈك سېلىپ قاتناشنى راۋانلاشتۇردى



شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 3 - شى 53 - تۈەن مىللىي 8 - لىيەندىكى ئالدىن بېيىغان خەلق ئەسكەرلىرىدىن ئوبۇل روزى، مەمەتئېلى تۇرغۇن، ئەخەت ئاۋۇت، ھۇشۇر ساۋۇت، راخمان روزى قاتارلىقلار قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، 1998 - يىلدىن 1999 - يىلىغىچە 40 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ 8 - لىيەندىكى ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان كوچىغا 7 دانە كىچىك تاش كۆۋرۈك، نۇقتىپلىق يولنى كېسىپ ئۆتىدىغان 8 ئۆستەڭگە چوڭ تاش كۆۋرۈك سېلىپ بېرىپ، 53 - تۈەندىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. (07)

**ھەسەنجان قارى**

## ساختىپەزلىكنىڭ ئاقىۋىتى



خوتەن ۋىلايىتى نىيە ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، كومپارتىيە ئەزاسى راخمان داۋۇت مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ، 1995 - يىلدىن 1996 - يىلىغىچە كوللېكتىپ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزمەي، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئىدارىسىدىن باشقىلارغا 123 مىڭ يۈەن پۇل قەرز ئېلىپ بەرگەن، شۇ مەزگىلدە ئۇ يەنە 3583 يۈەن ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلغان، 1996 - يىلدىن 1997 - يىلىغىچە ساختىپەزلىك قىلىپ 7030 يۈەن ھۆكۈمەت پۇلىنى بۇزۇپ - چېچىپ تۈگەتكەن. يالغاندىن ھۆججەت ياساپ، كىرىمنى ھېسابقا كىرگۈزمەي 210 مىڭ يۈەن ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلغان.

راخمان داۋۇتقا يۇقىرىدىكى قىلمىشىغا ئاساسەن 1998 - يىل 12 - ئايدا پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلىپ، مەمۇرىي جەھەتتە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى.



# بىلىم ئىگىلىكى 21 ـ ئەسىردىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ

خۇرۇشى

يېزا ئىگىلىكىدىن سانائەت ئىگىلىكىگە ئۆتۈشتە كىشىلەرنىڭ ھەممىدىن بەك ئەندىشە قىلىدىغىنى ئۇشۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ قەيەرگە بېرىشى مەسىلىسى بولىدۇ. ھازىر تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچلىرى %2 نىلا ئىگىلەيدۇ، سانائەت ۋە مۇلازىمەت كەسىپلىرىگە بولسا %98 ئەمگەك كۈچى جەلپ قىلىنغان. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سانائەت ئىگىلىكى بىلىم ئىگىلىكىگە بۇرۇلۇپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەك كۈچلىرى %2 نىلا ئىگىلەيدىغان بولغان چاغدا، ئۇ ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

مۇتلەق زور كۆپ ساندىكى ئەمگەك كۈچلىرى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چاغدا، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا ئۈنۈم تەلەپ قىلىنىدۇ؛ بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە، نوقۇل ھالدىكى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تەلەپ قىلىش «ئاخىرقى چەك» كە يېقىنلىشىدۇ. بىلىم ئىگىلىكىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بىلىمنىڭ يېڭىلىنىش قەدىمى تېزلىشىدۇ، ئىقتىسادىي تۇرمۇش سۈرئىتى تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ نىشانى بىر تەرەپلىمە ھالدا ماددىي ئۈنۈمنى تەلەپ قىلىشتىن ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئومۇميۈزلۈك تەلەپ قىلىشقا بۇرۇلىدۇ. بۇ بىلىم ئىگىلىكنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا كۆرسىتىدىغان ئەڭ تۈپ تەسىرى. بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ۋاقىتتا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇشى: تېپىك بولغان ساپ ئۈنۈم ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە جەھەتلىرىگە سىڭدۈرۈلىدۇ. بىرىنچى ۋاقىت دېگەن ئاتالغۇ ئاخباراتتا مەخسۇس قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇدىن ھەممە ئىشلاردا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇغا ئايلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشنى بىرىنچى ۋاقىتتا ئورۇنداش تەلەپ قىلىنىدىغان، ئىستېمالنى بىرىنچى ۋاقىتتا قاندۇرۇش تەلەپ قىلىنىدىغان بولىدۇ. يەنە كېلىپ ۋاقىتتا ئۇيغۇنلىشىش سۈرئەت بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى توغرىلىقنى كۆرسىتىدىغان بولىدۇ. ئۈنۈمنى نىشان قىلىدىغان زور كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئورنىنى ئۆزگىرىشنى مەقسەت قىلغان زور كۆلەملىك ئىستېمالچىلار ئالىدۇ، يەنى ئىشلەپچىقىرىشتا ئىستېمالچىلار تېخىمۇ كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولىدۇ.

ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ تورلاشتۇرۇلۇشى: ۋاقىتتا ئۇيغۇنلىشىش تورغا تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ ئۆزئارا تورلىشىشنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى مەبلەغ سالغۇچىلار، ئىشلەپچىقارغۇچىلار،

ئەمگەكچىلەر، سەپلىمە بۆلەكلەر بىلەن تەمىنلەيدىغان سودىگەرلەر، ئىستېمالچىلار، ئىجتىمائىي رايونلاردىكى ئاھالىلەر ۋە ھۆكۈمەت قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان مۇناسىۋەت تورىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ تور ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تورى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان غەيرىي ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تورى بولىدۇ. بىلىم مۇشۇ تور ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم مۇلۇك بولۇپ قالىدۇ، ماددىي بايلىقلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى رولى پەيدىنپەي تۆۋەنلەپ بارىدۇ.

ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ يەككىلەشتۈرۈلۈشى: ۋاقىتقا ئۇيغۇنلىشىشنى يولغا قويۇشتا يەككىلەشىشكە ئۇيغۇنلىشىش مەقسەت قىلىنىدۇ. تورلىشىش شەرتى ئاستىدا، يەككىلىشىش پۈتىم ھالدىكى ماددا بىرىنچىلىكى بولۇشتىن قېلىپ، ئىقتىسادىي پائالىيەت سۇبيېكتلىرى ئۆتتۈرىسىدىكى ئۆزئارا ئۇيغۇنلىشىش ۋە ماسلىشىشقا ئايلىنىدۇ. بۇ ساھەدە، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش غەيرىي ماددىي تەلەپنى قاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. كومپيۇتېر ئىشلەپچىقىرىش سودىگەرلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرى خېرىدارلارنىڭ تورغا كىرىپ كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچۈرلارغا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئىستېمالچى شەخسلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىشتا مەنىۋى جەھەتتىكى ئېھتىياجنى قاندۇرۇش، مەسىلەن، شەخسنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تولۇق ئىپادىلەش مەقسەت قىلىنىدۇ. بىلىم ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، مەنىۋى جەھەتتىن قاندۇرۇش ماددىي ئېھتىياجنىڭ ئۆزگىرىشىگە قارىغاندا تېخىمۇ تېز بولىدۇ. يەككىلىك ئۈلۈكسىز ئۆزگىرىش داۋامىدا ئىشقا ئاشىدۇ، پۇل تېپىشقىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئەنئەنىۋى ئۇقۇم پەيدىنپەي چۆرۈپ تاشلىنىدۇ.

ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ نىشانى بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا ماددىي ئۈنۈمنى قوغلىشىشتىن ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشىگە بۇرۇلىدۇ. ھۆكۈمەت پۈتۈن خەلققە مۇلازىمەت قىلىش فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىشى لازىم؛ كارخانىلار جەمئىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش تۇيغۇسىغا ئىگە بولغاندىلا، ئىستېمالچىلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ؛ ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ بىلىم مەنبەسى بولۇش قىممىتى ئاندىن ئەھمىيەت بېرىشكە سازاۋەر بولىدۇ؛ بىلىم ئىستراتېگىيىلىك مۇلۇك سۈپىتىدە ئۆز رولىنى ئاندىن ھەقىقىي جارى قىلدۇرالايدىغان بولىدۇ.

(ئاپتور: ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەت تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى)

**جاڭ ۋېدۇڭ** ئىشلىگەن

## دۆلەت ئەڭ يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتى تەسىس قىلدى

پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىكى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مۇنۇلارنى ئېلان قىلدى: دۆلىتىمىزدە تۇنجى قېتىم دۆلەت ئەڭ يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتى تەسىس قىلىپ، نامزات كۆرسىتىش، باھالاش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. مۇكاپات نەتىجىسى 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ مۇكاپات يېقىندىن ئېلان قىلىنغان «دۆلەت پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتى نىزامىنىڭ تەپسىلىي قائىدىلىرى » گە ئاساسەن تەسىس قىلىنغان.

دۆلەت ئەڭ يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ سانى يىلدا ئىككىدىن ئاشمايدۇ. بۇ مۇكاپات ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسى ئالدىنقى سېپىدا زور نەتىجە ياراتقان، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى كەسپداشلار بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكا ئالدىنقى سېپىدە بېرىلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان خىزمەتچىلەرگە بېرىلىدۇ. دۆلەت ئەڭ يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتىغا دۆلەت رەئىسى ئىمزا قويىدۇ ھەمدە گۇۋاھنامە ۋە مۇكاپات تارقىتىدۇ. مۇكاپات سوممىسى 5 مىليون يۈەن بولىدۇ، بۇنىڭ 500 مىڭ يۈەنى شەخسىيگە بېرىلىدۇ، 4 مىليون 500 مىڭ يۈەنى مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىنىڭ تاللىغان تەتقىقات تۈرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

# پامىر «چوغلۇقى»



—تەنتەربىيە سېپىدىكى تۆھپىكار ئايال مېھرىگۈل تۇردى (قىرغىز) توغرىسىدا

## ئابدۇشۈكۈر قاۋۇل

پامىر باغرىغا جايلاشقان ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى ئات چاپتۇرۇش مەيدانىدا ئەنئەنىۋى مىللىي تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگە مۇسابىقىلىرى تازا قىزىغانىدى. مەيداننى چۆرىدەپ مۇسابىقە كۆرۈۋاتقان تاماشىبىنلارنىڭ كەيپىياتى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇراتتى، بۇ جىددىي كەيپىيات ئىچىدە بويى ئېگىز، زىلۋا كەلگەن، چەبدەسلىكى ئارۇكلۇقىغا خويمۇ ياراشقان ئاق يۈزلۈك بىر جۇۋان ھېلى مەيدان ئورۇنلاشتۇرۇش، ھېلى تەرتىپ ياخشىلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

—ئاۋۇ ئايال كىم؟

—تېخىچە بىلمەمسەن، ناھىيىلىك مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مېھرىگۈل ئەمەسمۇ.

—ئۇنىڭ جاسارىتى ئالدىدا ئەرلەر بىكار قالسۇن.

—پامىر «چوغلۇقى» دېگىنە!

3 كۈن داۋاملاشقان بۇ مۇسابىقىدە يىراق - يېقىندىن كەلگەن تاماشىبىنلار ئارىسىدا مېھرىگۈلنىڭ تەرىپى ئەنە شۇنداق تىلغا ئېلىنىدى. دېمىسىمۇ ئۇ بۇ 3 كۈنلۈك مۇسابىقىنىڭ ئورگۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن جىق جاپا چەكتى، زىلۋا بويى ئىگىلدى. ئاقۇش چىرايى ئېسىلدى، ئاۋازىمۇ پۈتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق جاپالىق مۇھىت ئىچىدە ئۆتكىنىگە 22 يىل بولدى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇ بايامقى باھادىكىدەك پامىر ئېتىكىدىن چىققان تەنتەربىيە سېپىدىكى بىر «چوغلۇق» ئىدى.

«مول ھوسۇل كۆكىدىن مەلۇم» دېگەندەك، ئۇ كىچىكىدىنلا «بەل تاپان» ئىدى. ئاقتۇ ناھىيە بازىرىدىكى كىشىلەر جىلت ئېسىۋالغان كىچىك بىر قىرغىز قىزچاقنىڭ مەكتەپكە يۈگۈرۈپ بېرىپ، يۈگۈرۈپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرەتتى. مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن يىنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىلىرىدە ئۇنىڭ نەتىجىسى ھەممىدىن ياخشى ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ باللىق قەلبىدە تەنتەربىيە ئىشلىرىغا بولغان قىزغىنلىق ئوتتەك يېنىپ تۇراتتى. ئۇ شۇنداق يۈكسەك قىزغىنلىق بىلەن ئىمتىھان بېرىپ ئاخىرى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى (ئۇ چاغدا ئالىي تېخنىكوم ئىدى)نىڭ تەنتەربىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا ئۆتتى. 1977 - يىلى ئوقۇشنى كۆڭۈلدىكىدەك تاماملاپ كېلىپ، ئۇجمە يېزىلىق 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە يېزىلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ كەسىپچان ھەم مەسئۇلىيەتچان بولغاچقا ئىشلىگەن مەكتەپلىرىدە تەنتەربىيە ئىشلىرىنى خېلىلا جانلاندۇردى. شۇ يىللاردا ناھىيىنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. قانداق قىلغاندا ناھىيىنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرگىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە كۈچلۈك، قاتتىق قول بىر يېتەكچى تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. لېكىن، بۇ يېتەكچىنى نەدىن تېپىش كېرەك؟ بۇ مەسىلىدە تەشكىلنىڭ بېشى تازا قاتتى. بەزىلەر مېھرىگۈلنى كۆرسەتسە، بەزىلەر، ئۇ بىر قىز بالا تۇرسا، دەپ، ئىككى تەرەپنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقمىدى. ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ تەشكىلنىڭ كۆزى ئاخىرى يەنىلا مېھرىگۈلگە چۈشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ 1979 - يىلى يىل ئاخىرىدا ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتىغا يۆتكەلدى.

—ئەمدى كارامىتىڭىزنى كۆرسىتىشكە مەيدان ھازىرلاندى، سىزدە جۈرئەت بارمۇ؟ - ناھىيە مەسئۇللىرى ئۇنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە سورىدى.

— سىلەر يۆلەك بولساڭلار مەندە گەپ يوق، — دېدى مېھرىگۇل دادىللىق بىلەن ئۇلارغا جاۋابەن.

راستىنى ئېيتقاندا، يېتەرلىك جىسمانىي قۇۋۋەت تەلەپ قىلىدىغان تەنتەربىيە خىزمىتى نازۇك بىر قىز ئۈچۈن تولىمۇ مۇشكۇل ئىش ئىدى. مېھرىگۇلدە بۇنداق جىسمانىي قۇۋۋەت بولمىسىمۇ ئەمما ئۇنىڭدا بۇ خىزمەتكە بولغان كۈچلۈك ئىرادە ئۇرغۇپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ ئىشقا چۈشۈپ تۇنجى قەدەمدە ۋالېبول تۈرىنى تۇتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن نىشان بېكىتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ماھىر تاللاپ بىر ۋالېبول كوماندىسى قۇرۇپ چىقتى. ئۇ بۇ كوماندىنى قاتتىق مەشىق قىلدۇرۇپ ھەر بىر ۋالېبولچىغا ۋالېبول تېخنىكىسىنى پىششىق ئىگىلەتتى. نەتىجىدە، ئۇ تەشكىللىگەن ياش - ئۆسمۈرلەر ۋالېبول كوماندىسى 1982 - يىلى ئوبلاست بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ۋالېبول مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىگە ئېرىشكەندىن باشقا ئوبلاستقا ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايون بويىچە كورلىدا ئۆتكۈزۈلگەن ۋالېبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. بۇ ئاقتۇ ناھىيىسى ئۈچۈن شۇ چاققىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان زور ئۇتۇق ئىدى. تۇنجى قەدەم مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىلدى. ئەمما ناھىيىنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىدا يېنىك ئاتلېتىكا تۈرى ئەڭ ئاجىز ھالقا ئىدى. مېھرىگۇل بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن 1983 - يىلدىن باشلاپ يېنىك ئاتلېتىكا تۈرىنى تۇتتى. بۇ تۈردىمۇ نىشانلىق تەربىيىلەشنى يولغا قويۇپ بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىر نەچچە بالىنى ئوبلاستلىق يېنىك ئاتلېتىكا كوماندىسىغا يېتىشتۈرۈپ بەردى. ئەمما بۇ نەتىجىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. 1990 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن ياش - ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ بۇ مۇسابىقىگە تەكلىپ بىلەن قاتناشقانىدى. مۇسابىقە جەريانىنى بېرىلىپ كۆزىتىپ ئۆزىنىڭ بالا تەربىيىلەشتىكى ئاجىزلىقلىرىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭدا بۇ مۇسابىقىدىكى نەتىجىسى ئەڭ گەۋدىلىك بولغان قەشقەر كوماندىسىدىكى ماھىرلار ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى. شۇ چاغدا ئۇ «مەنمۇ مۇشۇنداق ئالدىنقى قاتاردىكى ماھىرلارنى تەربىيىلەپ چىقمىسام ھېساب ئەمەس» دەپ، ئۆزىگە ئۆزى قاتتىق تەلەپ قويدى. دەرۋەقە، بۇ مۇسابىقە ئۇنىڭ تىرىشچانلىق ھاياتىدىكى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. ئۇ ناھىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاجايىپ بىر جۇشقۇنلۇق بىلەن ئىش باشلىدى. ئەسلىدە تەنتەربىيە كومىتېتىدا چېنىقىش سايمانلىرى كەمچىل، سېتىۋالاي دېسە مالىيىدە پۇل يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئامال تاپتى. كوماندا ئەزالىرىنىڭ قول كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدارىنىڭ تېرەكلىرىگە ياغاچ بېكىتىپ تورنىك ئورنىدا؛ پۇت، قورساق كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاپتوموبىلنىڭ ئەسكى چاقلىرىنى چېنىقىش سايمىنى ئورنىدا ئىشلەتتى. ئۇ بالا تەربىيىلەشتە ئەڭ مۇھىمى ئالاھىدىلىكى بارلارنى تاللاشقا ماھىر ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزى تاللىغان بالىلارنى 2 يىل قاتتىق مەشىق قىلدۇرۇپ، 1992 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى. ئۇنىڭ بۇ مۇسابىقىگە قاتناشتۇرغان 6 ئوقۇغۇچىسىنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولدى. 1 ئوقۇغۇچىسى بۇ مۇسابىقىنىڭ 3000 مېتىرلىق ۋە 1500 مېتىرلىق يۈگۈرۈش تۈرىگە قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى يېڭىلاپ، ئالدىنقىسىدا ئالتۇن مېدالغا، كېيىندىكىسىدە بىر ئالتۇن مېدال، يەنە بىر مىس مېدالغا ئېرىشتى. ئۇ تەربىيىلىگەن 12 ئوقۇغۇچى ئىلگىرى - كېيىن ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە فاكۇلتېتلىرىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىندى.

تەشكىل ئۇنىڭ تەشكىللەش، تەربىيىلەش قابىلىيىتىگە مانا ئەمدى ھەقىقىي قايىل بولدى. «تۆھپە تۆرگە باشلايدۇ» دېگەندەك، ئۇ دەسلەپتە ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەشىق مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، 1996 - يىلى مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ئۇ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولغاندىن كېيىن ناھىيىنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنى بىر قوللۇق تۇتتى. بولۇپمۇ ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتىنى جانلاندۇرۇپ، دېھقان، چارۋىچىلار ئارىسىدا چېلىشىش، ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى قاتارلىق ئەنئەنىۋى مىللىي تەنتەربىيە تۈرلىرىنى، كادىر ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا رادىئو گىمناستىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. ئۇنىڭ تەنتەربىيىدىكى ھاياتى ئەنە شۇنداق جاپالىق ئىزدىنىش، «شوتا» بولۇش، ھەسسە قوشۇش بىلەن ئۆتتى. يولدىشىمۇ ئۇنىڭ خىزمەتلىرىنى يېقىندىن قوللىدى. «ئەجىر يەردە قالمايدۇ» دېگەندەك، ئۇ بۇ جەرياندا ناھىيە بويىچە كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغاندىن سىرت، مەملىكەت بويىچە لاياقەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا رېپېرىلىق گۇۋاھنامىسىگە ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى.

(04)

ئاسانا فوتوسى

# ئاممىنى قايىل قىلىشتا رەھبەرلىكتە بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر

سەيدەكېرەم نۇرامبەگ

رەھبەرلىكنىڭ ئاما ئارىسىدا گېپىنىڭ ئۆتۈش ـ ئۆتمەسلىكى ئۇنىڭ ئىناۋىتى ۋە خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ـ ئىشلىيەلمەسلىكى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ، ئۇلاردا ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم شەرتلەردىن بىرىدۇر. شۇڭا رەھبەرلىك ئىلمىدە قايىل قىلىش سەنئىتى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. مەيلى ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ياكى ئاما ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەشتە بولسۇن، ئاساسەن قايىل قىلىش ئۇسۇلى ئۈنۈملۈك رول ئوينايدۇ. تۆۋەندە بۇ ھەقتە ھېس قىلغانلىرىم ۋە ئويلىغانلىرىمنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

**1. رەھبەرلىكتە مول بىلىم ئاساسى بولۇشى كېرەك**

رەھبەرلىك مول بىلىمگە ئىگە بولمىسا، ئاسانلا ئاممىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ ـ دە، قول ئاستىدىكىلەرگە گېپى ئۆتمەيدىغان، ئىشلىرى تازا يۈرۈشمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. رەھبەرلىكنىڭ ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان ساھە توغرىسىدا ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇشى، ھېچبولمىغاندا شۇ ساھەنى چۈشىنىدىغان، ئالدىغا ھال ـ مۇڭ ئېيتىپ كەلگەنلەرگە كۆڭلىگە ياققۇدەك تەسەللى بېرەلەيدىغان بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنداق بولمىغاندا، خىزمەتتىكى مۇھىم ھالقىلارنى پەرق ئېتەلمەي، ئاممىنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقالمايدىغان، خىزمەتلەرگە ماسلىشالماي، ئاممىنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، ئۇزۇن يىل مەلۇم بىر زاۋۇتتا ئىشلىگەن بىر كىشىنى مەلۇم بىر تەتقىقات ئورنىغا باشلىق قىلىپ يۆتكەپ ئەكەلگەندە، ناۋادا ئۇ بۇ ساھە ۋە شۇ ئورۇن توغرىلىق قىلچە ساۋاتقا ئىگە بولمىسا، چوقۇم بۇ ئورۇنغا ماسلىشالمايدۇ، خىزمەتنى ھەرقانچە ياخشى ئىشلەي دېسىمۇ، بەربىر ئارمانغا چۈشلۇق دەرمان بولماي، ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ ـ دە، باشقىلارنى قايىل قىلىشتىن سۆز ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ. باشقىلار رەسمىيەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە ئىش كۆرۈۋېرىدۇ. شۇڭا رەھبەرلىك ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇشى، ناۋادا ئۆزى ناتونۇش بىر ساھەگە مەسئۇل بولۇپ قالغان بولسا، ئىزلىنىپ شۇ ساھە بىلەن تونۇشۇش جەھەتتە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىشى، ئاممىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ كەتكىلى بولىدۇ. رەھبەرلىك قانچىلىك چوڭقۇر بىلىملىك بولسا، ئۇنىڭ سۆزلىرىمۇ شۇنچىلىك ئورۇنلۇق، قايىل قىلىش كۈچى شۇنچىلىك كۈچلۈك بولىدۇ.

**2. رەھبەرلىك مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك**

كىشىلەر ئۆزلىرىنى چۈشىنىدىغان ھەم ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان كىشىلەر بىلەن مۇڭدىشىشنى خالايدۇ ھەم ئۇلارغا راست گېپىنى قىلىدۇ. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، رەھبەرلىكتە ئاممىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان، ئۇلار ئۇچرىغان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئىقتىدار بولغاندا، ئۇلارنىڭ باشقىلارنى قايىل قىلىش كۈچى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

ئەمما ھەممىلا كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىلىپ بولۇش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس. شۇڭا كونكرېت مەسىلىلەرگە كونكرېت ئۇسۇل قوللىنىش كېرەك.

ئومۇميلىققا ئىگە مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، ئالدى بىلەن بۇ مەسىلىلەرنى ئېنىقلاپ چىقىش، ئاندىن ئۇلارنى ھەل قىلىشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىنى تېپىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئورۇنلۇق سۆزلىگىلى ھەم ئاممىنى قايىل قىلىپ، مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

ئايرىم شەخسىيلەرگە تاقىلىدىغان مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە كونكرېت ئادەمگە قارىتا كونكرېت ئۇسۇل قوللىنىش كېرەك. چۈنكى ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز ـ خاراكتېرى ھەم مۇددىئاسى بولىدۇ. شۇڭا بەزى كىشىلەرگە تەربىيە ئىشلەشتە، ئاۋۋال شۇ كىشىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى بى-

لىش، ئۇنىڭ مەسىلە سادىر قىلىشتىكى سەۋەبىنى ئېنىقلاش لازىم. ھېچنېمىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، باشقىلارنىڭ چېقىشتۇرغىنى ياكى نۇنۇشتۇرغىنى بويىچە مەلۇم بىرەيلەننى تەنقىدلىگەندە ياكى ئۇنىڭغا تەربىيە ئىشلىگەندە، كۆپىنچە ھاللاردا قارشى تەرەپكە ئەكس تەسىر بېرىپ قويىدۇ. نەتىجىدە، قارشى تەرەپ يا رەھبەرلىككە يېنىپ قويىدۇ، ياكى كۆرۈنۈشتە سۆزىنى قوبۇل قىلغان بولۇۋېلىپ ئاستىرتتىن كۆڭلىدە غوم ساقلاپ، رەھبەرلىك بىلەن يوشۇرۇن قارشىلىشىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مەسىلىلەرنى چۈشەنمەي تۇرۇپلا پىكىر بايان قىلغاندا، رەھبەرلىكنىڭ سۆزى كۆپىنچە ھاللاردا ئاممىنىڭ دىتىغا ياقماي قالىدۇ ـ دە، ئاممىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق مەسىلە يۈز بەرگەندە، تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماي تۇرۇپ، ئالدىراپلا يەكۈن چىقارماسلىق كېرەك.

**3. رەھبەرلىك پاك ـ دىيانەتلىك ۋە پەزىلەتلىك بولۇشى كېرەك**

سۇيى بۇلغانغان كۆلدىن ھېچكىمسۇ ئىچىشنى خالىمىغاندەك، ئاتىقى يامان رەھبەرلىكنىڭمۇ سۆزىنى ھېچكىم ئىلىك ئالمايدۇ. شۇڭا رەھبەرلىك باشقىلارنى سۆزدە قايىل قىلىش ئۈچۈن چوقۇم ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈلگە بولۇشى يەنى پاك ـ دىيانەتلىك ۋە پەزىلەتلىك بولۇشى كېرەك.

بۇ جەھەتتە قەدىردان جۇ زۇڭلىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. جۇ زۇڭلى بىر ئۆمۈر ئاددىي ـ ساددا، پاك ـ دىيانەتلىك ۋە پەزىلەتلىك ياشىغان زات. شۇڭا ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالغان، ھەتتا ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىسىمۇ ھەرقانداق كىشىنىڭ قەلبىدە ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولماي قالمايدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق يۈكسەك ئابرويغا ئىگە بولغاچقا، ھەرقانداق سورۇندا خەلقنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ، جىمى كىشىنى قايىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالىغان.

ئەمما ھازىر ناھايىتى ئاز ساندىكى بەزى رەھبىرىي خادىملار خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىۋاتىدۇ، پارا ئېلىۋاتىدۇ، ئومۇمنى زىيانغا ئۇچرىتىش ھېسابىغا ئۆزىنى سەمرىتىۋاتىدۇ، گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل ئىشلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن يوشۇرسىمۇ، تېزىنى يوشۇرسا بېزى دېگەندەك ئاممىنىڭ نەزەرىدىن قېچىپ قۇتۇلالماي، ئاممىنىڭ نەپرىتىنى قوزغاۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ باشقىلارنى قايىل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا رەھبەرلىك ئۆز ئابروينى خۇددى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشى كېرەك.

**4. رەھبەرلىك باشقىلار ئارقىلىق قايىل قىلىشنى بىلىشى كېرەك**

ئادەتتە رەھبەرلىكنىڭ بېجىرىدىغان ۋە كاللا قاتۇرىدىغان ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، شۇڭا ھەممىلا ئىشقا يېتىشىپ بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەزى مەسىلىلەرگە ئۆزى بىۋاستە قول تىققاندىن كۆرە ۋاستىلىك يول بىلەن ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تۇتسا تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى مەلۇم بىر خادىم بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان بولسا، يەنە كېلىپ ئۇ خادىم ئۆزى بىلەن ئادەتتە ئانچە كۆپ ئالاقىلاشمايدىغان بولسا، ئۇ خادىمنى بىۋاستە ئىشخانىغا چاقىرىپ تەنقىدلىگەندىن كۆرە، ئاۋۋال ئۇنىڭ يېقىن ئۆتىدىغان بىرەر ئادىمىنى تېپىپ، شۇ ئارقىلىق تەربىيە ئىشلىسە، بۇنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇندىن باشقا، ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزى چوڭ بىلىدىغان ئوبيېكتلىرى بولىدۇ. ناۋادا رەھبەرلىك مۇشۇنداق ئوبيېكتلاردىن پايدىلىنىشنى بىلسە، ئۇ چاغدا ئۆزى يەتمەكچى بولغان مەقسەتكە تېخىمۇ ئاسان يېتەلەيدۇ.

ئۇندىن باشقا، بەزىدە رەھبەرلىكنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆزلىگىنىدىن كۆرە، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئورنىدا سۆزلىگىنى رەھبەرلىكنىڭ ئاما ئارىسىدىكى نوپۇزىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. بۇمۇ رەھبەرلىك سەنئىتىدە بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى.

قىسقىسى، سۆزلۈك ئۈلگىچە، ئۆزلۈك ئۆل دېگەندەك، رەھبەرلىك ئاغزىدىن چىققان ھەر بىر ئېغىز سۆزگە مەسئۇل بولۇشى، ھەرگىز ئاما ئارىسىدا ئىناۋىتىنى تۆكۈۋالماسلىقى، مەسىلىلەرنى تەكشۈرمەي تۇرۇپ پىكىر بايان قىلماسلىقى كېرەك. ئەڭ مۇھىمى، رەھبەرلىك ئىلمىنى ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىمىنى كەڭ ـ كۆلەمدە ئاشۇرۇپ، ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان ۋە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان زامانغا لايىقلىشالايدىغان بولۇشى شەرت.

(05)

**(ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىدا ئىشلەيدۇ)**



# 2000 ـ يىلدىكى قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەر

## خەلق پۇلىنىڭ كۇرسى چۈشەمدۇ؟

گەرچە 1999 ـ يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسى ئاخبارات باشقارمىسىدىكى ئەمەلدارلار جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ خەلق پۇلى توغرىسىدىكى سىياسىتى ئۆزگەرمەيدۇ دەپ كۆپ قېتىم ئېيتقان، جۇڭگو ھۆكۈمىتىمۇ خەلق پۇلىنىڭ كۇرسىنى چۈشۈرمەسلىك سىياسىتىنى ساقلاپ قېلىش توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو ئۆزۈنىغا بارماي خەلق پۇلىنىڭ پېرېۋوت باھاسىنى تۆۋەنلىتىدىكەن دېگەن كوچا خەۋەرلىرى كۆپەيدى. بۇ كوچا خەۋەرلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىككى: بىرى، 1999ـ يىل 7 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باشلىقى دەي شاڭلۇڭنىڭ خەلق پۇلىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتى بازار ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ دېگەن گېپىگە قارىغاندا، جۇڭگونىڭ «خەلق پۇلىنىڭ كۇرسى چۈشمەيدۇ» دېگەن ئىزچىل باياناتىدا بىر ئاز ئۆزگىرىش بولغاندەك قىلىدۇ. بەزى كىشىلەر ئانالىز قىلىپ مۇنداق دەپ قارىدى، دەي شاڭلۇڭنىڭ سۆزىدە جۇڭگونىڭ خەلق پۇلىنىڭ كۇرسى چۈشۈرۈلىدىغانلىقى ھەققىدە يوشۇرۇن بىشارەت بېرىلگەن بولسا كېرەك. 1999ـ يىلى 11 ـ ئايدا، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باشلىقى دەي شاڭلۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن، پۇل سىياسىتىنىڭ رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، پۇل بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇپ، پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتى قەدىمىنى تېزلىتىپ، پائال تۈردە پۇل مۇئامىلە خېيىمخەتەرلىرىنى ياخشى ئىگىلەپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىيات نىشانىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. 1999 ـ يىل خەلق پۇلى جۇڭگو، يۇقىرالىرىنىڭ پەرىزىدە مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرالىدى. 2000 ـ يىلى ئۆزگىرىش بولامدۇ ـ يوق؟ كىشىلەر يەنىلا گۇمانلىق نەزەرىنى ساقلاپ قالماقتا.

## يانفوندىن قاچاندىن باشلاپ تاق تەرەپلىك ھەق ئېلىنىدۇ؟

ھەربىر يانفون ئىشلەتكۈچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئۈمىد قىلىدىغىنى تاق تەرەپلىك ھەق ئېلىشنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى. لېكىن 1999 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ تېلېگراف ھەققىنى تەڭشىگەندە بۇ ھەقتە ئېنىق چۈشەندۇرۇش بېرىلمىدى. ئۇچۇر كەسپى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋۇجىچۇەن 1999 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئېچىلغان جۇڭگو ـ ئامېرىكا تېلېگراف يۇقىرى قاتلامدىكىلەر يىغىنىدا مۇنداق دېدى: «يانفوندىن قوش تەرەپلىك ھەق ئېلىشنى تاق تەرەپلىك ھەق ئېلىشقا ئۆزگەرتىشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە ناھايىتى ئۇزاق دەلىللەش ئېلىپ بېرىلدى، گەرچە 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىزمەت يەنىلا داۋاملىق ئىشلىنىۋاتىدۇ. كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت بۇ ۋەزىپىنى شۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ، رەقەملىك تەڭشەشكە شۇلار مەسئۇل بولىدۇ، ھەر تەرەپنىڭ شەرت ـ شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە سىرتقا قارىتا ئېلان قىلىنىدۇ، دېگەن. ئۇزاق ئۆتمەي، 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قوش تەرەپلىك ھەق ئېلىش تاق تەرەپلىك ھەق ئېلىشقا ئۆزگەرتىلىدىكەن دېگەن گەپلەر تارقالدى. كېيىن ئۇچۇر كەسپى مىنىستىرلىكىنىڭ ئەمەلدارى يەنە گۇاڭجۇدا جۇڭگو ـ ئامېرىكا تېلېگراف يىغىنىدا، قوش تەرەپلىك ھەق ئېلىشنى تاق تەرەپلىك ھەق ئېلىشقا ئۆزگەرتىش 1999 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ئەمەلگە ئاشمايدۇ، دەپ تەكىتلىدى. 1999 ـ يىل 6ـ ئايدا، دۆلەت ئۇچۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تەتقىقاتچى دېڭ تاۋخېڭ ئاشكارىلاپ، يېقىندا بىر قەدەر ئېنىق ئۇچۇر بولىدۇ. 1999ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىز كۆچمە تېلېفوندىن تاق تەرەپلىك ھەق ئېلىشتىن بەھرىمەن بولالايمىز، مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنىڭ پات يېقىندا ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشىغا ئىشىنىمەن، دېگەن. ئەمما كىشىلەر ئۈمىد قىلىپ كەلگەن تاق تەرەپلىك ھەق ئېلىش ھازىرغىچە ئەمەلىيلەشمىدى، كىشىلەر بۇنىڭ 2000 ـ

يىلى ئىشقا ئېششىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

## مال باھاسى ئۆرلەمدۇ؟

1999 ـ يىلى دۆلەت پۇقرالارنى
ئىستېمالنى كېڭەيتىشكە ئىلھاملان-
دۇرغان يىل بولدى، ئاۋۋال ئالىي مەك-
تەپلەرگە كېڭەيتىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل
قىلىش، مائارىپ كەسپىنى يېتىلدۇ-
رۇش يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن
نۇرغۇنلىغان ئائىلە باشلىقلىرى كۆپ
پۇل خەجلىدى؛ ئارقىدىنلا ئۆسۇم كەڭ
ھەجىمدە تۆۋەنلىتىلدى، پۇلنى بانكىغا
قويۇشتىن ھېچقانچە پايدا ئالغىلى
بولمايدىغان بولدى؛ ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا
ئۆسۇمدىن باج ئېلىش يولغا قويۇلۇپ،
پۇقرالار بايلىق باشقۇرۇش نىشانىنى
ئۆزگەرتىشكە دەۋەت قىلىندى؛ ئۇنىڭ-
دىن كېيىن مائاش قوشۇلۇش سىيا-
سىتى چىقىرىلىپ، ئاھالىلەرنىڭ سې-
تىۋېلىش كۈچى ئاشۇرۇلدى. بۇ بىر
قاتار سىياسەتلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى
نەتىجىسىدە، 1999 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن
باشلاپ مال باھاسى تەدرىجىي ئۆرلىدى.
بەزى كىشىلەر 2000 ـ يىلى مال باھاسى-
نىڭ ئۆرلەش ئېھتىمالى بار دەپ پەرەز
قىلدى، ئەمما بەزى مۇتەخەسسىسلەر
بولسا تەھلىل قىلىپ مۇنداق دەپ قا-
رىدى: ئەمەلىيەتتە، 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا ئاھا-
لىلەرنىڭ ئىستېمالىدىكى باھانىڭ
ئۆرلىشىدىكى ئامىللار، ئاساسلىقى،
كۆكتات، ئولتۇراق ئۆي ۋە مۇلازىمەت
تۈرى باھاسىنىڭ ئۆرلىشىدىن ئىبارەت
بولۇپ، بۇلار ئاساسەن پەسىل خاراك-
تېرلىك ئامىل ۋە باھاسى ۋاقىتلىق
تەڭشىلىدىغان ئامىللار. ئاھالىلەرنىڭ
ئىستېمالىدىكى باھا بىلەن تاۋارلارنىڭ
پارچە سېتىلىش باھا سەۋىيىسىنى
سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كۆرۈۋېلىش
تەس ئەمەسكى، باھانىڭ پەسىل خا-
راكتېرلىك ئۆرلىشى بىلەن باھانى
سىياسەت خاراكتېرلىك تەڭشەش با-
ھانىڭ ئۆرلىشىدە مۇھىم رول ئوينى-
دى. ئەمما خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۆر-
لىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ئاساس
ھېسابلىنىدىغان سانائەت ئىستېمال
بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى بولسا يەنىلا
بۇرۇنقىدەك سوغۇق ھالىتىنى ساقلاپ
قالدى. باھانىڭ بۇنداق پەسىل خا-
راكتېرلىك ئۆرلىشى سىياسەت خا-
راكتېرلىك تەڭشىلىشىنىڭ 2000 ـ يى-
لىدىكى مال باھاسىغا تەسىر كۆرسە-
تىشى تەس، لېكىن مال باھاسى زادى
ئۆرلەمدۇ ـ يوق؟ بۇنىڭدا يەنىلا
2000 ـ يىلدىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە
قاراش كېرەك.

## مىراس بېجى قاچاندىن باشلاپ ئېلىنىدۇ؟

1999 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئې-
لىمىزدە ئۆسۇم بېجى ئېلىنىشقا
باشلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن
مەسىلە مىراس بېجى ئېلىنىشقا باش-
لارمۇ دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ئالا-
قىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئاشكارى-
لىشىچە، دۆلەت باج ئىشلىرى باش
ئىدارىسى بۇنىڭ لايىھىسىنى تەييار-
لاپ بولغانمىش، مىراس بېجىنىڭ
يولغا قويۇلۇشىغا ساناقلىقلا ۋاقىت
قالدى. مىراس بېجى ئېلىشنىڭ يولغا
قويۇلۇشى ئالدىن بېيىغان كىشىلەر-
نىڭ جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىغا
كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.
ھەربىر پۇلدار كىشى مۇنداق ئىككى
خىل تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ: بىرى،
مىراس بېجى تاپشۇرۇش، يەنە بىرى،
جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىغا ئىئانە
قىلىش. جۇڭگولۇقلاردا «ئادەم ئۆت-
كەندە نامى، قۇش ئۆتكەندە ئاۋازى
قالىدۇ» دېگەن گەپ بار. مىراس بې-
جىنىڭ ئېلىنىشى پۇلدار كىشىلەرنى
ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشقا
ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. شۇنداق دې-
يىش كېرەككى، مىراس بېجى ئې-
لىنسا پۇقرالار ئەڭ كۆپ نېپكە ئېرى-
شىدۇ. دۆلەت باج ئىشلىرى باش ئى-
دارىسى پەن ـ تەتقىقات ئورنىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ زو مۇنداق دەي-
دۇ، مىراس بېجىنىڭ باشلىنىش
ئۇقتىسى بەك تۆۋەن بولمايدۇ، ئاز
دېگەندىمۇ نەچچە مىليون يۈەن، ئون
نەچچە مىليون يۈەن بولىدۇ، داچىسى،
ئالىي دەرىجىلىك پىكاپلىرى، نەچچە
مىليون يۈەن پۇل مۇئامىلە بايلىقى
بولغان بايلار مىراس بېجى تاپشۇرۇش
ئوبيېكتى بولالايدۇ. ھازىر پۈتۈن
مەملىكىتىمىزدىكى 150 مىليون ما-
ئاشلىقلار ۋە نەچچە يۈز مىليونلىغان
دېھقانىنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلە-
رى مىراس بېجى تاپشۇرغۇچىلار بو-
لالمايدۇ ۋە بولماسلىقى كېرەك.

## پوچتا ھەققىنىڭ ئۆسۈش مۇمكىنچىلىكى بارمۇ؟

1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى
چۈشتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلگەن 22 ـ
نۆۋەتلىك دۇنيا پوچتا بىرلەشمىسى
يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدىكى
ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا،
دۆلەت پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى
ليۇلىچىڭ مۇنۇلارنى ئاشكارىلىغان،
دۆلىتىمىزدە يۈكۈزۈلۈۋاتقان پوچتا
ھەققى توشۇش تەننەرخىدىن يەنىلا
تۆۋەن، شۇڭا، بۇندىن كېيىن دۆلەت
پوچتا ھەققىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرىدۇ.
تونۇشتۇرۇلۇشىچە، خەت ـ چەكنىڭ
ھازىرقى پوچتا ھەققى ھەر پارچىسى-
نىڭ 80 .0 يۈەن، لېكىن ئەمەلىي

تەننەرخى ھەر پارچىسىنىڭ 1.36 يۈەن ئىكەن. دۆلىتىمىز يېقىنقى يىللاردا پوچتا ھەققىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم تەڭشىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولمىدى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ھەر پارچە خەتنىڭ ھەققىنى 0.50 يۈەندىن 0.80 يۈەنگە ئۆستۈرگەندىن كېيىن، پوچتا سىستېمىسىنىڭ يىللىق زىيىنى 110 مىليون يۈەن ئازايغان، لېكىن پوچتا ئىدارىسىنىڭ 1999-يىلى زىيىنى 700 مىليون يۈەن قىسقارتىش نىشانىغا سېلىشتۇرغاندا پەرق زور... ليۇلىچېڭ مۇنداق دېگەن، دۆلەت پوچتا ئىدارىسى بۇندىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا پوچتا ھەققىنى يەنە ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ، ئەڭ ئاخىرىدا بىر قەدەر مۇۋاپىق بولغان باھانى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ «شىكايەت» ئۇچۇرى بەزى ئاخبارات ۋاستىلىرىدە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسى ۋە گۇمانىنى قوزغاپ، پوچتا زىيىنىدىن ساقلىنىشتا ھەققىنى ئۆستۈرۈشكىلا تايىنىش ياخشى تەدبىر ئەمەس، بۇنداق بولغاندا پوچتا ئىدارىسىلا زىيان تارتىدۇ دەپ قارىدى. ئۇلار مۇنداق دەپ قارىغان، پوچتا ھەققى قانچە تەڭشەلسە تەننەرخى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، قانچە تەڭشىگەنسېرى زىيان شۇنچە كۆپ بولىدۇ. شۇڭا 2000-يىلى پوچتا ھەققى باھاسىنىڭ تەڭشىلىش ـ تەڭشەلمەسلىكىگە بىر نېمە دېمەك تەس.

## ئىشلەمچىلەر دولقۇنى غەربكە قاراپ ئاقامدۇ؟

1999-يىلى يىل ئاخىرىدىن باشلاپ بەزى كىشىلەر ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان يەنە بىر ئورۇننى سەگەكلىك بىلەن بايقىدى، ئۇ بولسىمۇ جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمى. غەربىي قىسىمدىكى رايونلار ئېلىمىز يەر كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. تەرەققىي قىلغان شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز قىرغىقىدىكى رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا، غەربىي قىسىمدىكى كۆپلىگەن رايونلاردا نوپۇس شالاڭ، يېرى ھوسۇلسىزراق، تەبىئىي شارائىتى نىسبەتەن ناچار، ئىقتىسادى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان، تەرەققىي قىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ ئۇزاق مەزگىلگىچە يوقىتىلماسلىقى، ھەتتا بەزى رايونلاردا كۈندىن ـ كۈنگە چوڭىيىشى نورمال ئىش ئەمەس، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ شەرقىي قىسىمنىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىلىتىدۇ. غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنى ئېچىش ھەممەيلەننىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندى. شۇڭا، 1999-يىلى مەركەز كۆپ قېتىم مۇھىم يىغىن چاقىرىپ، ئومۇملۇقنى چىڭ تۇتۇپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي غەربىي قىسىمنى ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى قايتا تەكىتلىدى. دۆلەتنىڭ نەزەرىنى غەربىي قىسىمغا قاراتقانلىقى ئىشلەمچىلەرنىڭ غەربكە قاراپ ئېقىش دولقۇنىنى قوزغامدۇ ـ يوق؟

## دۆلەت كارخانىلىرىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشامدۇ؟

1998-يىلى، گوۋۇيۈەن دۆلەتنىڭ كۆپ ساندىكى زىيان تارتىۋاتقان چوڭ ئوتتۇرا كارخانىلىرىنى 3 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش لازىم، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئارقا ـ ئارقىدىن نۇرغۇن تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يۇقىرى قاتلامدىكى رەھبەرلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن دۆلەت كارخانىلىرىدا تەكشۈرۈش تەتقىقات ئېلىپ باردى. 1999-يىل دۆلەت كارخانىلىرىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئىككىنچى يىل، شۇنداقلا ئاچقۇچلۇق بىر يىل. باش شۇجى جياڭ زېمىن ۋە زۇڭلى جۇ رۇڭجى كۆپ قېتىم دۆلەت كارخانىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەم بىر قاتار مۇھىم سۆز قىلدى. دۆلەت قەرزنى پايغا ئايلاندۇرۇش، يېپىق ھالەتتە قەرز بېرىش، دۆلەت كارخانىلىرى مەبلىغىنى بازارغا يۈزلەندۈرۈش... قاتارلىق نۇرغۇن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈمىنى 2000-يىلى كۆرگىلى بولىدۇ. 2000-يىلى 3 يىللىق نىشان ئىشقا ئاشىدىغان يىل. كۆپلىگەن زىيان تارتقان كارخانىلار 2000-يىلى قىيىنچىلىقتىن غەلىبىلىك قۇتۇلالامدۇ؟

## پۇل تېپىش ئاسان بولامدۇ؟

كىشىلەرنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، مال باھاسىنىڭ ئىزچىل تۆۋەنلىشى، بازارنىڭ كاساتلىشىشى ئىشلەپچىقارغۇچى، تىجارەتچى، ئىشلەمچىلەرگە پۇل تېپىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرماقتا. ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىشىمۇ بەزى پۇلدارلارغا پۇل تېپىشنىڭ تېخىمۇ قىيىنلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرماقتا. كىشىلەر 2000 ـ يىلى پۇل تېپىش ئاسانراق بولارمۇ دەپ ئويلىماقتا. بەزى مەتبۇئاتلاردىكى ماقالى-

لەرگە ئاساسلانغاندا، 2000-يىلى پۇل تېپىش 1999-يىلدىكىگە قارىغاندا ئاسانراق بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. چۈنكى 1999-يىلى 5-ئايدىن بۇيان، مال باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى ئايمۇ-ئاي مۇقىملاشتى، كارخانىلارنىڭ توك ئىشلىتىش مىقدارى كارخانىلارنىڭ ئىش ئۈنۈمىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ كۆرۈنەرلىك ئاشتى، تاشقى ئېكسپورتمۇ تۆۋەنلەش ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ ئىزچىل ئاشماقتا. يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى «جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ئانالىزى ۋە مۆلچەر» دېگەن تېمىدىكى كۈز پەسلىدىكى دوكلاتىدا مۇنداق كۆرسەتكەن: «خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئېشىش نىسبىتىنىڭ ئۇدا چۈشۈش ۋەزىيىتى توختىدى، بۇ يىل بەلگىلىك سۈرئەتتە ئۆرلىشى مۇمكىن. » بۇ دوكلاتتا، بۇ يىل ئېلىمىزنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئېشىش سۈرئىتىنىڭ ئالدىن بەلگىلەنگەن 7% تىن ئېشىپ 7.6 % ئەتراپىدا بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن، بۇنداق بولغاندا 2000-يىلى پۇل تېپىش ھەقىقەتەن 1999-يىلدىكىگە قارىغاندا ئاسان بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

## يول ئاسراش ھەققىنى باجغا ئۆزگەرتىش قاچان يولغا قويۇلىدۇ؟

1999-يىل 10-ئاينىڭ 31-كۈنى 9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 12-قېتىملىق يىغىنىدا، 97 ئاۋازنىڭ قوشۇلۇشى 28 ئاۋازنىڭ ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى بىلەن، يول ئاسراش قانۇنى توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى. بۇ قارار ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى تۈردە، ھەق يىغىش ئارقىلىق يول ئاسراش مەبلىغى توپلاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دۆلەت يول ئاسراش مەبلىغىنى باج ئېلىش يولى بىلەن توپلاش بەلگىلەندى. ئىككىنچى تۈردە، گوۋۇيۈەننىڭ «ھەقنى باجغا ئۆزگەرتىش»تىكى كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى بېكىتىشتە، ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋېتىشتىن ساقلىنىش بىلەن بىرگە، ئاپتوموبىل ئۈچۈن ماي ئىشلىتىدىغانلاردىن باشقا ماي ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋېتىشتىن ساقلىنىش بەلگىلەندى. يېڭى «تاشيول قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، جېجياڭ، شەندۇڭ، خۇبېي، شەنشى قاتارلىق بەزى جايلاردا ئاپتوموبىل خوجايىنلىرى يول ئاسراش ھەققىنى تۆلەشنى رەت قىلىش ئەھۋاللىرى يۈز بەرگەن. بۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەقنى باجغا ئۆزگەرتىش باشلانغانلىقىنى خاتا چۈشىنىۋالغانلىقىدىن بولغان. ئەمما ئەمەلىيەتتە ھەقنى باجغا ئۆزگەرتىش تېخى يولغا قويۇلمىدى. گوۋۇيۈەننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىلىق يولغا قويۇش ئۇسۇلىنى بېكىتكەندىن كېيىن يولغا قويۇلىدۇ. 1999-يىلى 11-ئايدا، قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لى جۇجاڭ مۇنداق چۈشەندۈرگەن: گوۋۇيۈەن يولغا قويۇش ۋاقتىنى تېخى بېكىتمىدى. بارلىق ئاپتوموبىللار يەنىلا ھازىر قوللىنىۋاتقان ئۇسۇل بويىچە ھەق تاپشۇرىدۇ. ئۇنداقتا ھەقنى باجغا ئۆزگەرتىش زادى قاچان يولغا قويۇلىدۇ؟

## ئاۋىئاتسىيىدە چەكلىك باھا ئەمەلدىن قالدۇرۇلامدۇ؟

ئاۋىئاتسىيە ساھەسىنىڭ زىيان تارتىشىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، 1999-يىل 2-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ باھانى چەكلەشنى يولغا قويدى. بۇ چارە بەلگىلىك ئۈنۈم ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرى ۋە يولۇچىلارنىڭ بۇنىڭغا پىكرى چىقتى.

1999-يىلىنىڭ ئاخىرى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئاشكارىلىشىغا ئاساسلانغاندا، ئاۋىئاتسىيە ئايروپىلان بېلىتىنىڭ بىر تۇتاش باھاسى ئۆتكۈنچى سىياسەت بولۇپ، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان ئۇچۇش لىنىيىسى، ئوخشاش بولمىغان ۋاقىت قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن پەرقلىق باھا ئۆلچىمىنى ئىمكانقەدەر تېز بېكىتىدۇ.

نۆۋەتتە، دۆلەت پىلان كومىتېتى، مال باھا ئىدارىسى ۋە ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى سىياسەت بەلگىلەپ، ئىمكانقەدەر تېز يولغا قويۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ. 2000-يىلى ئاۋىئاتسىيە ساھەسىدە باھانى چەكلەش ئەمەلدىن قالدۇرۇلامدۇ-يوق؟ بۇ تېخى بىر سىر ئىكەن.

**ھۆرنىسا ئىبراھىم** (ت)

(«شىنجاڭ بازار يېتەكچىسى» گېزىتىدىن)

# «چاكار» ھەققىدە ئويلىغانلىرىم



ئابلىز نۇر

چاكار دېگەننىڭ مەنىسى جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ، سەمىمىي ساداقەت بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېگەنلىكتۇر.

«ياتسامۇ ئورنۇمدا، ئاڭلايمەن سادا.
بۇ سادا خەلقنىڭ دەردىدۇر ـ ھازا.
كۆرمەسمەن كىچىك دەپ ناھىيە ئامبىلىنى،
كۆيۈنسەڭ ھەممىگە، يەتكۈز مەرھابا.»

مانا بۇ جىڭ بەنچاۋنىڭ شېئىر مىسرالىرىدۇر. فېئودال جەمئىيەتتىكى ئەمەلدار، ئامباللاردا بۇنچىلىك ھېسسىيات بولغان يەردە، بىز كوممۇنىستلار «چاكار»لىقنى جەزمەن ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن پارتىيىگە يۈز كېلەلمەيمىز، خەلققىمۇ يۈز كېلەلمەيمىز. بۇ گەپلەرنى يەنە بۈگۈن تىلغا ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ ئەلۋەتتە بار.

جۇمھۇرىيىتىمىز ئەمدىلا قۇرۇلغان مەزگىلدە، يولداش ماۋزېدوڭ پۈتۈن پارتىيىگە: بىزنىڭ كادىرلىرىمىز خەلقنىڭ خىزمەتچىسى، چاكىرى؛ بىزنىڭ پرىنسىپىمىز جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، دەپ ئەسكەرتكەنىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭمۇ تېخىمۇ ئۇدۇل قىلىپ: رەھبەر دېمەك ـ مۇلازىم دېمەكتۇر، دېگەنىدى. باش شۇجى جياڭ زېمىن: «رەھبىرىي كادىرلار سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك»، دەپ كۆرسەتتى. شۇنى چۈشىنىش كېرەككى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «سىياسىي» ئاما بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇش، جان ـ دىل بىلەن خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت. قەدىمكى كىشىلەر: ئەمەلدارنى قولۋاققا، خەلقنى سۇغا ئوخشاتقان، ھەم سۇ قولۋاقنى لەيلىتەلەيدۇ، شۇنداقلا چۆكتۈرۈۋېتەلەيدۇ، دېگەن. دېمەك بۇ سۆز ئاڭلىنىشقا ئاددىيدەك تۇيۇلسىمۇ، مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇر. نېمىلا دېگەن بىلەن ھالقىلىق مەسىلە يەنىلا ئەمەلدار بولغان كىشىنىڭ جان ـ دىل بىلەن خەلققە ھەقىقىي، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشىدە.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى، ئەمگەكچان، جاپاكەش ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا تايىنىپ قەد كۆتۈرگەن. ھوقۇقنى بىزگە خەلق بەرگەن. رەھبىرىي كادىر بولغان ئىكەنمىز، جەزمەن كەمكۈتىسىز خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلىشىمىز كېرەككى، ھەرگىزمۇ شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىدىغان ھەرقانداق ئىمتىيازلارغا بېرىلمەسلىكىمىز لازىم. خەلق ئاممىسى بىزنىڭ

كۆچ ـ قۇۋۋەت مەنبەيىمىز، خەلققە بەخت يارىتىش بىز كوممۇنىستلارنىڭ بۇرچى، شۇنداقلا ئەڭ زور سىياسىدۇر.

چاكار دېگەنلىك خەلقنىڭ دەردى ـ ھالىغا يېتىش دېگەنلىكتۇر. چاكار بولغان ئىكەنمىز ئاممىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئاممىغا كۆيۈنۈشىمىز كېرەك، گەرچە كىشىلەر ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەل قىلىپ كېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ نېمىسى كەملىكىنى، نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، نېمىگە تەقەززا ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ نېمىدىن قورقىدىغانلىقىنى، نېمىگە ئۆچ ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك. ياخشى ئەمەلدارلارنى پۇقرالار بۇرۇنقى زامانلاردا «ئادىل تەگرى» دەپ تەرىپىنى قىلىشقان، ھازىرغا كەلگەندە خەلق ئۇلارنى «چاكار» دېگەن تەۋەررۈك نام بىلەن ئاتاشماقتا. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. بۇ دەل مىليونلىغان «چاكار»لارنىڭ خەلق ئاممىسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۈگۈنكى كۈندە بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت كۈنسايىن تەرەققىي قىلماقتا. خەلقنىڭ دېموكراتىيە كۆز قارىشىمۇ بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. ھازىرقى زامان رەھبەرلىك ئىلمى ۋە ھازىرقى زامان باشقۇرۇش ئىلمى رەھبەر بولغۇچىلارغا سۈپەت جەھەتتە كۆپ تەرەپلىمە، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.

50 ـ، 60 ـ يىللاردا زور بىر تۈركۈم ئۆزىنى ئومۇمغا ئاتىغان «چاكار»لار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلگەن، ئۇلار مىليونلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدە شانلىق ئوبراز تىكلەپ، ئىز قالدۇرغان. «چاكار» جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، كىشىلەر تەلپۈنىدىغان شەخسكە ئايلىنىپ قالغاچقا، بەزى كىشىلەر ھىيلە ـ مىكىر بىلەن «چاكار» بولۇشقا ئىنتىلمەكتە. بەزىلەر «چاكار» بولۇش شېرىن چۈشىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن قۇۋلۇق ـ شۇملۇق نەيرەڭلىرىنى ئىشقا سېلىپ، پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ، قوشۇنغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىشقا ئۇرۇنماقتا، ھەتتا غورۇرىنىمۇ يوقاتماقتا. بۇنى ساپ نىيەت، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر چۈشىنەلمەيۋاتىدۇ، ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ ۋاستىسىغىلا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولغىنى جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان چاكار بولۇش بولماستىن، بەلكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، پۇقرالارنى قاقشىتىدىغان بيۇروكراتلارغا ئايلىنىشتىن ئىبارەت. بۇنداقلاردىن بۇرۇن ليۇچىڭسەن، جاڭ زىشەنلەر ئۆتكەن. يېقىندا يەنە ۋاڭ باۋسېن، خۇجەنشۆلەر چىقتى. ئۇلار ئىنقىلابىي قوشۇنىمىزدىكى پۇرسەتپەرەسلەر بولۇپ ئۇنداقلارنى ھەقىقىي چاكار دېگىلى بولمايدۇ.

ئومۇم ئۈچۈن ئىشلىسەڭ ئۇچۇق ـ يورۇق بولالايسەن، پاك ـ دىيانەتلىك بولساڭ ئىززەت ئابرويغا ئېرىشەلەيسەن، چاكارنىڭ ياخشى ئوبرازى ساداسىز بۇيرۇقتۇر. خەلقنىڭ ياخشى چاكارلىرىدىن جىياۋيۈيلۇ، كوڭ فەنسېنلەرگە ئوخشاش زور بىر تۈركۈم پارتىيىنىڭ مۇنەۋۋەر رەھبىرىي كادىرلىرى بىزگە ئوبدان ئۈلگە تىكلەپ بەردى. بارلىق «چاكار»لار ئۆز ـ ئۆزىگە: نېمە دەپ پارتىيىگە كىردىم، خەلققە نېمە ئىش قىلىپ بەردىم، كېيىنكىلەرگە نېمىلەرنى قالدۇرىمەن دېگەن سوئالنى قويۇپ بېقىشى كېرەك. ئەگەر بىرقانچە يىل ۋەزىپە ئۆتەپ، تاغۇ ـ دەريالار، يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ قىياپىتى بۇرۇنقىدەكلا قېلىۋەرسە، ۋەزىيەتتە قىلچىمۇ ئۆزگىرىش بولمىسا، ئۇ چاغدا پارتىيىگە، خەلققە قانداق جاۋاب بېرەلەيسىز؟

«چاكار»لارنىڭ تىللاردا داستان بولغۇدەك ياخشى نەتىجىلىرىنى قالدۇرۇشىغا تىلەكداشمىز. (06)

(ئاپتور: شىنجاڭ سوتسىيالىزىم ئىنستىتۇتىدا ئىشلەيدۇ)

# تەرمىلەر گېزىتى

## «ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى

### ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتتە چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك قائىدە، پرىنسىپلار

1. ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە تۈپ فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش.

2. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش.

3. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، قاراتمىلىقنى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش.

4. تەربىيىلەش بىلەن باشقۇرۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش.

5. ئىدىيىۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش.

6. پارتىيە رەھبەرلىكىدە، پۈتكۈل جەمئىيەتكە تايىنىپ ئورتاق كۈچ چىقىرىشتا چىڭ تۇرۇش.

«تەشۋىقات قوللانمىسى»دىن

### جۇڭگودا ئاياللارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ

خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتىنىڭ 1998 ـ يىلى جۇڭگو، ئامېرىكا، روسىيە قاتارلىق 26 دۆلەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگودا ئاياللارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 1998 يىلى 56% كە يەتكەن بولۇپ، دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. 1998 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئېلىمىزدىكى ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 58 مىليونغا يەتكەن بولۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 38% نى ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ھەر خىل كەسىپلەردە ئاياللار 40% تىن كۆپرەكنى ئىگىلىگەن، ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىملار ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ئىچىدە ئاياللارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 1.6% پۇئىنتقا يەتكەن.



بېيجىڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى»دىن

### ياشانغانلار تاماقلىنىشتا بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

ياشانغانلارنىڭ مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىپ تۇرۇشى ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئاشۇرۇپ ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭلاشقا ياشانغانلارنىڭ كۈندىلىك تامىقى بىر قانچە خىللا بولۇپ قالماستىن، بەلكى كۆپ خىل بولۇشى كېرەك. ياشانغانلار ھەر كۈنلۈكى مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىپ تۇرۇشقا دىققەت قىلغاندىن باشقا، ئىمكانىدە ياخشىراق يېيىشى، چۈشتە تويغۇچە يېيىشى، كەچتە ئازراق يېيىشى كېرەك. يەنە ياشانغان كىشىلەر ھەر كۈنلۈكى ئاساسلىق تاماقلاردىن باشقا، قارا ئاشلىق، مەسىلەن، قوناق ئۇنى ۋە پۇرچاقتىن ياسالغان يېمەكلىكلەرنى مۇۋاپىق ھالدا ئارىلاشتۇرۇپ يېيىشى لازىم. چۈنكى مۇشۇنداق قىلغاندا بەدەندىكى ئاقسىل ماددىسىنىڭ نىسبىتىنى ئاشۇرۇپ، خولېستېرىننىڭ بەدەندىكى ئالمىشىشى تېزلىتىپ مېڭە ئارتېرىيە قان تومۇرلىرىنىڭ بالدۇر قېتىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ياشانغانلار يەنە يېڭى كۆكتات، ھەر خىل ھۆل مېۋە-چېۋىلەرنى كۆپرەك يېيىشى، تۇزلۇق نەرسىلەرنى يېيىشنى كونترول قىلىشى لازىم. چۈنكى كىشىلەر بولۇپمۇ ياشانغانلار تۇزنى كۆپ ئىستېمال قىلغاندا يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكى ۋە مېڭە ئارتېرىيە قان تومۇرلىرىنىڭ بالدۇر قېتىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

سېمىز گۆش، تۇخۇم ۋە ماللارنىڭ جىگىرى، بۆرىكى قاتارلىق تەركىبىدە خولېستېرىن يۇقىرى بولغان نەرسىلەرنىمۇ ئازراق يېيىشى، ئۇسۇملۇك مېينى كۆپ يېيىشى لازىم. چۈنكى ئۇسۇملۇك مېيى قاندىكى خولېستېرىن ئالمىشىشنى تېزلىتىدۇ. ئۇندىن باشقا قەنت قاتارلىق تاتلىق نەرسىلەرنىمۇ ئازراق يېگەن ياخشى. چۈنكى تاتلىق ـ تورۇملارنى كۆپ يېگەندە ھەر خىل كېسەللەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. يەنە ھاراقنى ئاز ئىچىش، ئەڭ ياخشىسى تاماكا چېكىشنى قەتئىي چەكلەش لازىم.

ساۋۇت ھېكىم

### گىلەمنى قانداق ئاسراش كېرەك؟

گىلەمنىڭ ئوتتۇرىسى دائىم دەسسىلىپ، يەرگە يېپىشىپ تۇرغاچقا، ھاۋا ئۆتۈشمەيدۇ ۋە كۈيە چۈشمەيدۇ، ئەمما گىلەمنىڭ چۆرىسى يەرگە يېپىشماي سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرغاچقا، ئارىلىقتا چاڭ ـ توزان قونۇۋالىدۇ ۋە ئاسان كۈيە چۈشىدۇ. سېمونت، چاقچۇق ئىشلىتىلگەن يەرلەرگە قارىغاندا، تاختايلىق يەرگە ئاسان كۈيە چۈشىدۇ. گىلەمنىڭ ئۆي جاھازلىرى ئاستىدا بېسىلىپ قالغان قىسمىغىمۇ ئاسان كۈيە چۈشىدۇ.

تۆۋەندىكى ئۇسۇللار ئارقىلىق گىلەمگە كۈيە چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ:

1. گىلەمنى پاكىز، قۇرغاق ساقلاش كېرەك. 2، 3 يىل ئىشلەتكەندىن كېيىن خىمىيىلىك دورا بىلەن يۇيۇش كېرەك.

2. ئىشلەتمەيدىغان گىلەمگە نافتالىن چېچىپ، چىڭ يۆگەپ قويۇش ۋە ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يەرگە قويۇش كېرەك.

3. گىلەمنى بىر يىل ئىشلەتكەندىن كېيىن، مەينەت بولمىغان تەقدىردىمۇ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ قېقىش ۋە قۇرۇتۇش كېرەك، ئەمما ئاپتاپقا بەك ئۇزاق سېلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

# ئېلىمىز تارىخىدىكى ئۈچ چوڭ ئىزاھلىق كىتاب

**1. «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى»**

«دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى» نى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر جۇغراپىيە ئالىمى لى داۋيۈەن نامسىز زات تەرىپىدىن يېزىلغان «دەريالار تەپسىراتى» ناملىق دەريا ئېقىنلىرى ھەققىدىكى جۇغراپىيىگە ئائىت كىتابىنى كېڭەيتىپ، بېيىتىپ، تولۇقلاپ، ئىزاھلاپ يېزىپ چىققان. «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى» ئېلىمىز تارىخىدىكى جۇغراپىيىگە ئائىت مەشھۇر ئەسەر بولۇپ قالماستىن، بەلكى ناھايىتى ياخشى يېزىلغان نەسرىي ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**2. «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسىگە ئىزاھات»**

«ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسىگە ئىزاھات» نى جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر تارىخشۇناس فېي شۇڭجى غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخشۇناس چېن شۇنىڭ «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» ناملىق تارىخىي كىتابىنى تولۇقلاش، كېڭەيتىش، بېيىتىش ئاساسىدا ئىزاھلاپ يېزىپ چىققان، بۇ كىتاب ئېلىمىز تارىخىدىكى مەشھۇر تارىخىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەشھۇر تارىخىي رومان «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» نىڭ رومان بولۇپ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان.



**3. «ماقالىلەر تاللانمىلىرىغا ئىزاھات»**

بۇنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ئالىم لى شەنزۇ دېگەن كىشى جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ياشىغان جاۋمىڭ شاھزادىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جاۋمىڭ ماقالىلەر تاللانمىلىرى»ناملىق ئەدەبىي توپلام ۋە 25خىل كىتابدىن ماتېرىيال ئېلىش ئاساسىدا يېزىپ چىققان.

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتىدىن»

## دۆلىتىمىز ئىش ھەققىلەشتۈرۈش سەۋىيىسىنى تەدرىجىي ئۆستۈرىدۇ

دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى زېڭ پېييەننىڭ ئېيتىشىچە، دۆلىتىمىز ئىش ھەققى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىش ھەققىلەشتۈرۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدىكەن.

زېڭ پېيەن مۇنداق دېدى: ھازىر خەلق ئىگىلىكىدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت. پۇل قىلىق ۋەزىيىتى تېخى ھەل قىلىنمىدى، ئېھتىياجنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى يەنىلا ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى چەكلەۋاتقان گەۋدىلىك زىددىيەت بولۇپ كەلمەكتە. شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ ئاستا بولۇشى مۇشۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب. شۇڭا ئىش ھەققى تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، ئىش ھەققىلەشتۈرۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىش ھەققىدىكى پاراۋانلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، پاراۋانلىق ئامىلىنى ئىش ھەققىدىن چىقىرىۋېتىپ، خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىنى ئېنىقلاپ مۇللاشتۇرۇش كېرەك.

«شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»دىن

## ئۆي ئىجارىسىنى ئۆستۈرۈش 4 ـ ئايدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ


ئالاقىدار تارماقلارنىڭ يېقىندا تارقاتقان ئۇقتۇرۇشىغا قارىغاندا، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ بېيجىڭدىكى مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلىرىدا ئۆي ئىجارىسىنى ئۆستۈرۈش، قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى كۆپەيتىپ تارقىتىش بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇشقا كېچىكتۈرۈلگەن. بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئۆيىنىڭ ئىجارىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى كۆپەيتىپ تارقىتىشنى يولغا قويۇش ۋاقتىمۇ مۇناسىپ ھالدا كېچىكتۈرۈلىدىكەن.

بېيجىڭدىكى مەركەز، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئۆستۈرۈلگەن ئۆي ئىجارىسى ئۆلچىمى 3.05 يۈەن بولىدىكەن. قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئۆلچىمى ئۆزگەرمەيدىكەن. بىراق، خىزمەت ئىستاژى 25يىلدىن ئاشقان بۆلۈم ئەزاسى، ئىش بېجىرگۈچى ۋە تۆۋەن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچىلارنىڭ ئۆستۈرۈلگەن ئۆي ئىجارىسى قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئۆلچىمى 80يۈەن بويىچە ئىجرا قىلىنىدىكەن.

(«تۈرمىلەر گېزىتى»دىن

## تېلېفون ھەققى

ئاپتونوم رايونلۇق باھا خىزمىتى يىغىنىدىن ئىگىلىنىشىچە، 2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تېلېفون ئورنىتىش ھەققى، يانفوننى تورغا كىرگۈزۈش ھەققى ۋە چاقىرغۇ مۇلازىمەت ھەققى تۆۋەنلىتىلىدىكەن، يېزىلارنىڭ رايون ئارا تېلېفون بېرىش ھەققى بىكار قىلىنىپ، شەھەر، يېزىلاردا تەدرىجىي ھالدا بىر تۇتاش ئۆلچەم يولغا قويۇلىدىكەن.



# تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى

جاڭ جيەن

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى سىستېمىسىنىڭ ئۈز-
لۈكسىز مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، كارخانىلارنىڭ تۈ-
زۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش قەدىمىمۇ ئۈزلۈكسىز تېزلىتىلدى،
بۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا
بولغان رەھبەرلىكىدە چوڭ تۈرلۈك، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كار-
خانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي يادرولۇق
رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بارغانسېرى مۇھىم بولۇپ
قالدى. يېقىندا، بۇرچىن ناھىيىسىدىكى تۈزۈلمىسى ئۆزگەر-
تىلگەن ئون نەچچە كارخانىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى
ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن
قارىغاندا، كارخانا پارتىيە تەشكىلاتى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاش-
تۇرۇش، ئىچكى قىسمدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش، قىيىن-
چىلىقنى يېڭىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۇيۇشۇش
كۈچىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان،
بىراق، خىلمۇ خىل ئامىللار تۈپەيلىدىن يەنە بەزى مەسىلە-
لەرمۇ ساقلانغان بولۇپ، مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىپ ھەل قى-
لىشقا توغرا كېلىدىكەن.

## ساقلانغان مەسىلىلەر ھەمدە سەۋەبلىرى

(1) كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ۋەكالەتچىلىرىنىڭ ئىقتىسا-
دىي خىزمەت بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، پارتىيە قۇرۇ-
لۇشى خىزمىتىگە ۋاقىت چىقىرالماسلىقى كارخانىنىڭ ئىق-
تىسادىي خىزمىتى بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە «بىر
قول قاتتىق، بىر قول يۇمشاق بولۇش، ھادىسىسىنىڭ كېلىپ
چىقىشىدىكى تۈپ سەۋەب.

1. تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن ئون نەچچە كارخانىنىڭ
پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلىپ،
كارخانىلارنىڭ بىر قىسىم قانۇنىي ۋەكىللىرىدە تونۇش جە-
ھەتتە ئېغىش مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كارخانا تاۋار
ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ساتقۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىق-
تىسادىي خىزمەتنى مۇھىم نۇقتا قىلىشى لازىم، پارتىيە قۇ-
رۇلۇشى خىزمىتى بولسىمۇ-بولمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ قارايدى-
غانلىقىنى بايقىدۇق. بۇ خاتا قاراشنىڭ پەيدا بولۇشىدا
مۇنداق ئىككى خىل سەۋەب بار: بىرىنچىدىن، كارخانىنىڭ
قانۇنىي ۋاكالەتچىسىدە پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئار-
قىغا تىرىش روھىي ھالىتى مەۋجۇت. شۇ ۋەجىدىن يۇقىرى
دەرىجىلىك ئورۇنلار ھۆججەت چۈشۈرۈپ بەلگىلىگەن پار-
تىيە قۇرۇلۇشىغا ئائىت بەزى مىقدارلاشتۇرۇلغان كۆرسەت-
كۈچلەر تازا ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىگەن. ئۇلار كارخانى-
دىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىش-
نىڭ بىرىنچى سېپىدىكى خادىملار ئىش ئورنىدىن ئايرى-
لالمايدۇ، ئۇلارنى ئىش ئورنىدىن ئايرىپ مەركەزلەشتۈرۈپ
ئۆگىنىشكە تەشكىللىسەك، مۇقەررەر ھالدا كارخانىنىڭ
نورمال ئىشلەپچىقىرىشىغا تەسىر يېتىدۇ، دەپ قارىغان؛
ئىككىنچىدىن، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ پائالىيەتلىرى، سى-
ياسىي ئۆگىنىشلەرنىڭ كۆپىنچىسى «ھۆججەت ئۆگىنىش،
گېزىت ئوقۇش، تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىش» بىلەن
چەكلىنىپ قالغان، ئۆگىنىشنىڭ نۇرغۇن مەزمۇنلىرى ئە-
مەلىيەتتىن چەتنەپ كەتكەن ياكى ئەمەلىيەت بىلەن ئانچە
مۇناسىۋەتلىك بولمىغان، ئۇنىڭ كەسپىي خىزمەتلەرگە
نىسبەتەن بىۋاستە ئىلگىرى سۈرۈش رولى بولمىغان. بۇ-
نىڭ بىلەن كارخانىنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى پارتىيە قۇرۇلۇشى
خىزمىتى بولسىمۇ -بولمىسىمۇ بولىدۇ. كارخانىدا پارتىيە



قۇرۇلۇشى بولمىسا ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە تەسىر يەتمەيدۇ، دەپ قارىغان.

2. تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن، كارخانىلارنىڭ ئايلىنىشى تېخى قېلىپلاشقىنى يوق، كارخانىلار بازار بىلەن تېخى تەلەقەدەمدە ماڭالمىدى. نۇرغۇن ئىقتىسادىي خىزمەتلەر قانۇنىي ۋاكالەتچىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەل قىلىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا. كارخانا مۇشۇنداق بىرمۇنچە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ئىچىدىن ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي خىزمەتنى ھەل قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە سەل قارىغان.

(2) تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلاردا پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئامminنىڭ نىسبىتى ماسلاشمىغان، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى بىر قەدەر زور بولغان.

تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان 12 كارخانىدا جەمئىي 656 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە پارتىيە ئەزاسى 106 نەپەر، بۇلار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 16.2%نى ئىگىلىگەن. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 33.3%نى، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 4.5%نى تەشكىل قىلغان. بۇنداق ئەھۋالنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب: بىرىنچىدىن، بەزى كارخانىلار تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىشتىن ئىلگىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتماي، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشقا دىگەندەك كۆڭۈل بۆلمىگەن؛ ئىككىنچىدىن، كارخانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ پارتىيىگە كىرىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى بولمىغان. ئۇلار پارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنىش ـ قىلىنماسلىقىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىمىزگە تەسىرى بولمايدۇ، دەپ قارىغان. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 12 كارخانا ئىچىدە پارتىيىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغانلار ئاران 29 كىشى بولۇپ، بۇلار پارتىيىسىز ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ 5.7%نى تەشكىل قىلغان؛ ئۈچىنچىدىن، ئايرىم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ھەرىكەتلىرى پارتىيىنىڭ ئوبرازىغا زىيان يەتكۈزۈپ، كارخانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ پارتىيىگە كىرىش ئاكتىپلىقىغا بەلەم بەرگەن.

كارخانىدا پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئامminنىڭ نىسبىتى ماسلاشمىغاچقا، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى ئاز بولغان، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش مەلۇم دەرىجىدە قىيىن بولغان. پۈتۈن ناھىيىدىكى تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن 12 كارخانىدا بىرىنچى سەپتىكى پارتىيە ئەزالىرى ئاران 24 نەپەر بولۇپ، بۇلار پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 22%نى، 1 ـ سەپتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 4.2%نى ئىگىلىگەن. يەنە كېلىپ پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ پائالىيىتى ئاساسەن توختاپ قېلىش دەرىجىسىگە يەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ پائالىيەت شەكلى بىرلا خىل، زېرىكىشلىك بولغاچقا، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ چاقىرىق كۈچى، ئۇيۇشۇش كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەن، كارخانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر پارتىيە تەشكىلاتىغا تولۇق ئىشەنچ قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان.

(3) تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلاردا پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى خالىغانچە ئېلىپ بېرىشتەك ئەھۋال ئېغىر بولغان.

تەكشۈرۈش جەريانىدا، ۋاقىت، ئورۇن، خىراجەت قاتارلىق شەرت ـ شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تەرتىپسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئىگىلىدۇق. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، شۇجىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى بولمىغاچقا، ۋاقىت، ئورۇننى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە ئۇنىڭ دېگىنى ئاقمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆگىنىش، پائالىيەت پىلانلىق ئېلىپ بېرىلماي، پەقەت «پۇرسەت چىققان»دىلا ئالدىراپ ـ تېنەپ ئېلىپ بېرىلغان، بۇنداق پائالىيەتلەرنىڭ ئۈنۈمى بولمايلا قالماي، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە نىسبەتەن بىر خىل «ئالۋاڭ» تۇيغۇسىنى بەرگەن. بەزى شۇجىلار تەسىرلەنگەن ھالدا: «كارخانىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن قىيىن، بىز قىستۇرما ھالەتتە جان بېقىۋاتىمىز»دەپ زارلانغان. يەنە بىر جەھەتتىن، كارخانىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە كېتىدىغان خىراجەتنىڭ كېلىش مەنبەسىدە قىيىنچىلىق بولۇپ، خىزمەتلەرنى ئالدىن بەلگىلەنگەن پىلان بويىچە قانات يايدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمىغان.

(4) تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىرتلارغا «ئېقىپ»كېتىش مەسىلىسى بىر قەدەر ئېغىر بولغان.

تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن 12 كارخانىدا جەمئىي 13 نەپەر ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگەن ھەمدە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان پارتىيە ئەزاسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرار جايى مۇقىم بولمىغاچقا، تەشكىلىي تۇرمۇشقا ۋاقتىدا قاتنىشالمىغان، پارتىيە ئەزالىق بەدەل پۇلىنى ئۆز مۇددىتىدە تاپشۇرالمىغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەمەلىيەتتە پارتىيىدىن ئايرىلغان. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 12 كارخانە-

دىن جەمئىي 6 نەپەر پارتىيە ئەزاسى سىرتقا ئېقىپ كەتكەن يەنە كېلىپ كارخانىلاردىكى ئىسلاھات جەريانىدا، ئۇزۇن مۇددەت ئاساسىي قاتلام پارتىيە ئىشلىرى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بىر قىسىم كادىرلارمۇ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىش كۈتۈپ تۇرغان، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالدا قالغان، ئۇلار ئۆزلىرىنى تاشلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ھازىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كادىرلار پارتىيە ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ ئىستىقبالى يوق، دەپ قارىغان. بۇ ھال كارخانىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئېغىر ھالدا تەسىر يەتكۈزگەن.

**تەدبىر ۋە تەكلىپ**

(1) كارخانىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى كۈچەيتىش لازىم.

ئالدى بىلەن رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى جەھەتتىن پارتىيە تەشكىلاتى ئەزالىرىنىڭ كارخانىنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ئىشلىرىدا مۇناسىپ ئورنى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە شىركەتنىڭ مەمۇرىي يادرولۇق رەھبەرلىك قاتلىمىغا كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. شىركەتتە مۇدىرىيەت يىغىنى ۋە جىگىلار خىزمەت يىغىنى ئېچىلغاندا، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى قاتناشتۇرۇلۇشى لازىم، پارتىيە تەشكىلاتى ئاچقان يىغىنلارنىڭ روھىنى مۇدىرىيەت يىغىنى ۋە جىگىلار قاتلىمىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئەزالار ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىركەتنىڭ «يېڭى ئۈچ يىغىن»ىغا قاتناشقان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، پايچىكلار يىغىنى ۋە مۇدىرىيەت يىغىنىغا قاتناشقان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ مۇددىئاسىنى شىركەتنىڭ نىزامنامىسى ئارقىلىق، شىركەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رولىنى شىركەتنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىگە سىڭدۈرۈشنى تەلەپ قىلىش لازىم. ئۇنىڭدىن قالسا، پارتىيە كادىر باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كارخانىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنىڭ سوتسىيالىستىك كارخانىچىلارنىڭ قولىدا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. پارتىيە كادىر باشقۇرۇشنىڭ كونكرېت شەكلى ئاساسەن تۆۋەندىكى يول ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، كارخانا پارتىيە تەشكىلاتى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ لىدىر، باش دىرېكتور، پارتكوم شۇجىسى قاتارلىق ئاساسلىق كادىرلار ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشنى ئوبدان ئېلىپ بېرىشقا ماسلىشىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، كارخانا پارتىيە تەشكىلاتى مۇدىرىيەت يىغىنى، باش دىرېكتورلار تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتمەكچى بولغان كادىرلار نامزاتىغا ئىشلىتىش ھەققىدە پىكىر بېرىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، كارخانىدىكى پارتىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ كادىرلىرىنى تەكشۈرۈپ ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرىدۇ؛ تۆتىنچىدىن كارخانا قارمىقىدىكى پارتىيىلىك كادىرلارغا بولغان تەربىيە، باشقۇرۇش، نازارەتنى چىڭىتىدۇ؛ بەشىنچىدىن، كارخانىلارنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پائال ئالغا سىلجىتىدۇ.

(2) ھەم پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ھەم ئىگىلىك باشقۇرۇشنى بىلىدىغان كارخانا پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىرى قوشۇنىنى بەرپا قىلىش لازىم.

تەكشۈرۈش جەريانىدا شۇنى ئىگىلىدۇقكى، تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن 12 كارخانىدا 8 نەپەر قوش ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان قانۇنىي ۋاكالەتچى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 2 نەپىرى ھەم ئىگىلىكنى ھەم سىياسىينى بىلىدىغان قوش ئىقتىدارلىق كارخانا رەھبىرىي ئىكەن، بۇ 2 كارخانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئىقتىسادىي خىزمەت بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى بىر قەدەر ماس ھالدا قانات يايدۇرۇلغان، قالغان 6 كارخانىنىڭ قانۇنىي ۋەكىللىرى ئىگىلىك باشقۇرۇشنىلا بىلىدىغان كارخانا رەھبىرىي بولۇپ، ئۇلار خىزمەت جەريانىدا ئىقتىسادىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە سەل قارىغان. قالغان 4 كارخانىدا مەخسۇس ۋەزىپىدىكى شۇجى سەپلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت جەھەتتە ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى بولمىغاچقا، خىزمەت جەريانىدا، بولۇپمۇ كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىشلىرىدا پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالغان. بۇ ھال كارخانىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى بىلەن ئىقتىسادىي خىزمىتىنى «باشقا باشقا ئىش» قىلىپ قويۇشتەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۇرگەن. نۆۋەتتە كارخانا پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىش مەسىلىسى سىڭىشىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدا ئىقتىسادىي خىزمەت ئىچىدە پارتىيە قۇرۇلۇشى بولۇش، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئىچىدە ئىقتىساد بولۇشتەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇلارنى تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئەكس تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان قىلىش لازىم. شۇڭا ياچېيكا شۇجىلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ھەم پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ھەم ئىقتىسادنى بىلىدىغان ياچېيكا شۇجىلىرى قوشۇنىنى بەرپا

قىلىش ئارقىلىق پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇپ ئىقتىسادنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش لازىم.

(3) سۈپىتى يۇقىرى، سانى كۆپ پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنى بەرپا قىلىپ، كارخانا پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئاساس سېلىش لازىم.

بىرىنچىدىن، سانى كۆپ، سۈپىتى يۇقىرى زىيالىي ياشلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، بىرىنىڭ شەرتى پىشىپ يېتىلسە بىرىنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىش؛ ئۈچىنچىدىن، ياخشى كارخانا مەدەنىيىتى بەرپا قىلىشنى ئاساس قىلىپ، كارخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش؛ تۆتىنچىدىن، كەسپىي تايانچلار ئارىسىدىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، كارخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پارتىيىگە كىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز زورايتقىلى بولىدۇ.

(4) ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى نىشان، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، ئىقتىسادىي خىزمەت بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

نۆۋەتتە تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئاساسەن مېخانىزمنى ئۆزگەرتىپ، تۈزۈم ئورنىتىشتىن ئىبارەت مۇھىم مەزگىلدە تۇرماقتا. بۇنداق ئەھۋالدا، كارخانا پارتىيە تەشكىلاتى كارخانىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، كارخانىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كارخانىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى بىلەن مەھكەم باغلاپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ئارقىلىق پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى سىنىشى، كارخانا ئىسلاھاتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەريانىدا دۇچ كەلگەن قىيىن نۇقتىلارنى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى باشلامچىلىق بىلەن قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ ئورۇنداشقا سەپەرۋەر قىلىشى لازىم. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى قانات يايدۇرغاندا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىسلاھاتقا قاتنىشىش، ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ئوبدان قىلىش جەھەتتىكى ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەپ، ئوبدان تەشكىللىشى ۋە قوغدىشى لازىم، تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلار مېخانىزمنى ئۆزگەرتىپ تۈزۈم ئورنىتىشتىن ئىبارەت ھالقىلىق مەزگىلدە تۇرۇۋاتقاندا، سىياسىي ئۈستۈنلۈكى ۋە يادرولۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، قىيىن ئۆتكەلدىن بىرلىكتە ئۆتۈپ، ھەقىقىي تۈردە نەمۇنىلىك باشلامچىلىق رول ئوينىشى، كارخانىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇشى لازىم.

(5)جانلىق، كۆپ خىل شەكىل قوللىنىپ پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ پائال، ئۈگۈشلۈق قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

بىرىنچىدىن، بۆلەكلەر بويىچە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، تۈرلەر بويىچە يېتەكچىلىك قىلىش پرىنسىپى بويىچە تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلار تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىنى كارخانا پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە سىڭدۇرۇپ، ئىلگىرىكىدەك كارخانا پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە «گېزىت، ھۆججەت ئوقۇش»تىن ئىبارەت كونا شەكىلنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىپ، «ئىقتىسادنى چۆرىدىگەن ھالدا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش»نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، پارتىيە ئەزالىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە، «نېمە يېزىلغان بولسا شۇنى ئوقۇپ بەرمەي، ئاغزىدا شەھەر سورىماي» كونكرېت مەسىلىلەرنى كونكرېت تەھلىل قىلىش، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان ئۇسۇل ۋە چارىلەرنى سىناق قىلىپ كۆرۈش؛ ئۈچىنچىدىن، كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. ئىلگىرى پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنى كۆپ ھاللاردا سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالاتتى. بۇنداق بىرلا خىل ئۆگىنىش شەكلىنىڭ ئۈنۈمى ھەمىشە كۆڭۈلدىكىدەك بولمايتتى. بۇنداق ئەھۋالغا قارىتا، بۇندىن كېيىنكى پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى خىزمىتىنىڭ مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپلا قالماي، ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ئائىت كەسپىي بىلىملەرنى كۆپرەك ئۆگىنىشنى تەكىتلەپ، پارتىيە ئەزالىرىنى مەلۇم سىياسىي نەزەرىيىۋى سەۋىيىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە تېخىمۇ كۆپ كارخانا باشقۇرۇش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ئائىت كەسپىي بىلىملەرنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. (07)

ئابدۇسالام فوتوسى

## پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى مۇددەتتىن بۇرۇن ياكى مۇددەتتىن ئاشۇرۇپ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بارسا بولامدۇ؟

پارتىيە نىزامنامىسىدە ئالاھىدە ئەھۋالدا ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى كومىتېتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ياكى مۇددەتتىن ئاشۇرۇپ ئېچىشقا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىنىڭ روھى پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئاساسىي قاتلامدىكى ئالاھىدە ئەھۋال ئاساسلىقى، ئېغىر تەبىئىي ئاپەت ياكى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە دۇچ كەلگەندە، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىش؛ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندا، بىر مەزگىل ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ مەلۇم بىر جىددىي ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا توغرا كېلىش؛ رەھبەرلىك بەنزىسى بوشاڭ، چېچىلاڭغۇ بولۇپ، ئۇنى تەكشۈرۈش ۋە تەرتىپكە سېلىشقا توغرا كېلىش؛ پارتىيە تەشكىلاتى ساپ بولماي ياكى ئۇنىڭدا تەرەپبازلىق ئەھۋالى ئېغىر بولۇپ ئۇنى تەرتىپكە سېلىشقا توغرا كېلىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىدا مۇددەتتىن بۇرۇن ياكى مۇددەتتىن ئاشۇرۇپ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، خىزمەت بىلەن سىرتقا كەتكەن پارتىيە ئەزالىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ياكى پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىشتا، ئادەم سانى بەلگىلەنگەن سانغا يەتمىگەن ئورۇنلارمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ياكى پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى يىغىنىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ياكى مۇددەتتىن كېيىنگە سۈرۈپ پارتىيە ئەزالىرى يىغىلغاندا ئاچسا بولىدۇ. ئومۇمەن پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ياكى پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى يىغىنىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ياكى مۇددەتتىن ئاشۇرۇپ ئېچىپ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلسە، پارتىيە كومىتېتى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ قارار چىقىرىش ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا دوكلات يوللاپ، ماقۇللۇقىنى ئېلىش لازىم. يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ياكى پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى يىغىنىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ياكى مۇددەتتىن ئاشۇرۇپ ئېچىشقا قوشۇلغانلىقى توغرىسىدىكى تەستىقى جاۋابىنى رەسمىي چۈشۈرۈشى كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رەسمىي تەستىقى جاۋابىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، قارمىقىدىكى پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ياكى پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى يىغىنىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ياكى مۇددەتتىن ئاشۇرۇپ ئېچىش توغرىسىدىكى قارارنى ئۇقتۇرۇش كېرەك.(07)

## پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان يولداشلارنىڭ بىۋاستە تۇغقىنى ئۇنىڭ تونۇشتۇرغۇچىسى بولسا بولامدۇ؟

بىۋاستە تۇغقىنى تونۇشتۇرغۇچى بولسا بولمايدۇ، دېگەن بەلگىلىمە يوق. لېكىن، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشتا بەزى مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش، يېڭى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تونۇشتۇرغۇچىلىقنى ئادەتتە تەربىيىلىگۈچى ئالاقىلەشكۈچىلەر ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان يولداشنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياكى باشقا بىۋاستە تۇغقانلىرى پارتىيىگە تونۇشتۇرغۇچى بولسا تازا مۇۋاپىق بولمايدۇ.(07)

## پارتىيىسىز مەسئۇل كىشى ياچېيكا يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشسا بولامدۇ؟

ياچېيكا يىغىن ئېچىپ سىياسىي نەزەرىيە ۋە مۇھىم ھۆججەتلەرنى ئۆگەنگەن، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزگەن، شۇنداقلا خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە قىلغاندا؛ شۇ ئورۇننىڭ پارتىيىسىز مەسئۇلىنى قاتنسا بولىدۇ، دەپ قارىسا، ئۇنى سىرتتىن قاتنىششقا تەكلىپ قىلسا بولىدۇ؛ پارتىيە ياچېيكىسى يىغىن ئېچىپ ئاكتىپلارنى تەربىيىلەش، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش، ياچېيكا رەھبەرلىك بەنزىسىنى سايلاش، تەشكىلىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش، شۇنىڭدەك خاتالىق ئۆتكۈزگەن پارتىيە ئەزالىرىغا ئىنتىزام جازاسى بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغاندا، پارتىيىسىز مەسئۇل كىشى پارتىيە ياچېيكىسى يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىششقا تەكلىپ قىلىنمايدۇ. (07)

## پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسىنى نېمە ئۈچۈن «خېرىدار چاقىرىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تاللاپ ئۆستۈرۈشكە بولمايدۇ؟

«خېرىدار چاقىرىش» ئىقتىسادىي پائالىيەت داۋامىدىكى بىر خىل ھەرىكەت، پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسىنى «خېرىدار چاقىرىش» ئۇسۇلى بىلەن تاللاپ ئۆستۈرۈش پارتىيە نىزامنامىسىگە ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ سايلام خىزمىتى ۋاقىتلىق نىزامى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ. پارتىيە نىزامنامىسىدە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ياچېيكىدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى قاتناشقان سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى بەلگىلەپ بەرسىمۇ بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ سايلام خىزمىتى ۋاقىتلىق نىزامى»دا ئېنىق قىلىپ مۇنداق بەلگىلەنگەن: پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام كومىتېتلىرىنىڭ شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە، ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېت نامزاتلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا يوللاپ تەكشۈرتۈپ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا سايلام ئېلىپ بېرىلىدۇ. كومىتېت تەسىس قىلىنمىغان ئورۇنلاردىكى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى تولۇق غۇلغۇلا قىلىپ، نامزاتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا يوللاپ تەكشۈرتۈپ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ.

## پارتىيىدىن چىقىرىش بىلەن پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىشنىڭ پەرقى نېمە؟

پارتىيىدىن چىقىرىش بىلەن پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىشنىڭ مەقسىتى بىردەك، ھەممىسىدە پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، پارتىيە تەشكىلاتىنى ساپلاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش مەقسەت قىلىنىدۇ. لېكىن، پارتىيىدىن چىقىرىش بىلەن پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىشنىڭ پەرقى بار، پارتىيىدىن چىقىرىش، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ پارتىيە ئىنتىزامىغا ئېغىر ھالدا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىغا بەرگەن ئەڭ ئېغىر جازاسى ھېسابلىنىدۇ. پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىش پارتىيىگە كۆز بوياپ كىرىۋالغان خائىن، جاسۇس قاتارلىقلارغا قوللىنىلىدىغان بىر خىل تەشكىلىي تەدبىر. ئومۇمەن پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىلگەنلەر پارتىيىگە قايتىدىن كىرىشكە بولمايدۇ. (07)

**ھۈسەيىن** (ت)

# تىكەنلىك كەنت پارتىيە ياچېيكىسى دېھقانلارنى بازارغا كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلەپ، بېيىش يولى ئېچىپ بەردى

كېرەم نىياز

چاقىلىق ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەت تىكەنلىك كەنت پارتىيە ياچېيكىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ ناھىيە بازىرىغا يېقىن بولۇشتەك تەبىئىي ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ دېھقانلارنى بازارغا كىرىشكە، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلەپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش يولى ئېچىپ بەردى.

بۇ كەنتتە يەر ئاز، ئادەم كۆپ بولۇپ، كىشى بېشىغا 1.5 مودىن يەر توغرا كېلىدۇ. بۇ كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ بازارغا كىرىپ سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىش ياكى مەھسۇلاتلىرىنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇش ئېڭى تۆۋەن بولغاچقا، قورساق تويغىنىغا شۈكرى قىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىگىلىكى بىلەنلا ياشاپ كەلگەنىدى.

كەنت پارتىيە ياچېيكىسى بۇ قاتمال ھالەتنى ئۆزگەرتىش، تەبىئىي ئەۋزەللىكنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن 20نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، يول ياقىسىغا 18ئېغىزلىق ئۆي سېلىپ دېھقانلارنىڭ ماشىنىچىلىق، ناۋايچىلىق، ساتىراچلىق قاتارلىق تۈرلۈك كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. كەنت مالىيىسىدىن 25مىڭ يۈەن چىقىرىپ 11نامرات ئائىلىنىڭ ھەر بىرسىگە 5 تۇياقتىن «تۆمۈر»قوي قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، ئۆزىنى ئۆزگەرتىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەردى. ھازىر كەنت بويىچە بىر ئائىلىدە 1 دىن سېغىن كالا، 5 تىن ئارتۇق قوي بولۇش نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، نەسلى ياخشىلانغان كالا 25كە يەتتى.

كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ناھىيە بازىرىدا كۆكتات قىس بولۇش، قىش پەسلى يېڭى كۆكتات بولماسلىقتەك ھالەتنى تۈگىتىش ئۈچۈن 100مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئېخىنكىلارنى، كۆكتات تېرىش ماھىرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ۋە يەرلەرنى ئۇلارغا ھۆددىگە بېرىپ، 2مو بىر فۇڭ بارىنكتىن 12مىڭ يۈەندىن ساپ كىرىم قىلىپ، سالغان دەسمايىسىنى قايتۇرۇۋېلىپ كەنتنىڭ كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى جانلاندۇرغاندىن سىرت، يېڭىدىن 250مو بوزيەر ئېچىپ، دېھقانلارنىڭ يەر ئاز بولۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

كەنت پارتىيە ياچېيكىسىدىكى 5 نەپەر پارتىيە ئەزاسى كەنتتە 3 ئېتىز تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 426مو يەرنى ئۈلگە كۆرسىتىش ئېتىزى قىلىپ دېھقانلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا يېتەكلىدى. يېقىنقى 3 يىلدىن بۇيان ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەنگەن دېھقانلار 192گە يېتىپ، سۇلياۋ يوپۇق يېيىپ كېۋەز، قوناق، بۇغداي تېرىش، زىرائەتلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا پەرۋىش قىلىش، ئوت-چۆپلەرنى توغراپ سىلوس ياساپ چارۋا بېقىش جەھەتلەردە ناھىيىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقا بۇ كەنت يەنە خىمىيۋى ئوغۇت، سورتلۇق ئۇرۇق، سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى دېھقانلارغا قاچان ئېھتىياجلىق بولسا نېسىگە بېرىپ، ئۇلارنى ئورغۇن ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلدۇردى. 6500يۈەن ئاجرىتىپ توك سىملىرىنى ھەممە ئائىلىلەرگە تۇتاشتۇرغاندىن باشقا، 10مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ سىملىق تېلېۋىزورنىڭ قاپلىنىش نىسبىتىنى %100كە يەتكۈزدى. دېھقانلار ئۆزلىرى 50يۈەن، كەنت 20يۈەن چىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلغان دېھقانلار %95گە يېتىپ، 3 پېشقەدەملەر ۋە كەنت، گۇرۇپپا كادىرلىرىنىڭ تۇرمۇشى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كەنت مالىيىسىنى ئاشكارا، دېموكراتىك باشقۇرۇش، مۇپەتتىش قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، سۇ، توك، تۈرلۈك كىرىم-چىقىم ئەھۋاللىرى، يەر تەستىقلاش، پىلانلىق تۇغۇت كۆرسەتكۈچى قاتارلىقلاردا ئاممىنىڭ نازارىتى قوبۇل قىلىندى. ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىدىغان ھەر خىل گېزىت ژۇرناللارغا ھەر يىلى 1000 يۈەنلىك مۇشتەرى بولۇنۇپ، دېھقانلار يېڭى پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن قوراللاندۇرۇلۇپ، كەنتنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى جانلاندۇرۇلدى. نەتىجىدە دېھقانلار بازارغا يۈزلەنگەنچە كىرىم يوللىرى كۆپىيىپ، 3-كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 49ئائىلىگە يېتىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %41 تىنى ئىگىلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 29ئائىلىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق كىرىمى 3480يۈەندىن ئېشىپ، قالغانلارنىڭ 2090يۈەندىن 2500يۈەنگىچە بولدى. بۇنىڭ بىلەن كەنت كوللېكتىپ جۇغلانمىسىمۇ ھەسسىلەپ ئېشىپ، بۇ كەنت ناھىيە بويىچە كەنت دەرىجىلىك ئورۇنلار ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالدى شۇنداقلا پارتىيە ياچېيكىسى ناھىيە بويىچە «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە ئۇدا 8يىل لاياقەتلىك كەنت، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىشتە ناھىيە بويىچە ئىلغار كەنت، ئامانلىقنى ساقلاش بويىچە ئىلغار كەنت بولۇپ تەقدىرلەندى.

بۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسى يەنە ئۆتكەن يىل قىش كىرگەندىن بۇيان ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە ئورۇنلار بىلەن سۆزلىشىپ كۆكتات قورۇلۇشى كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، شەھەر رايونىدىكى ئاممىنىڭ ھەر خىل كۆكتاتقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن 30مو يەردە پارنىك ئېچىشنى بېكىتىپ ئەمەلىيلەشتۈردى. ناھىيە بازىرىدا تىرىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى ئېلىپ-سېتىش سودا بازىرى يوق بولۇشتەك ھالەتكە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن 7مو يەر ئاجرىتىپ 15مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى ۋە سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، باج ئورۇنلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى.(04)

# كوممۇنىستلار توغرا قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇشى كېرەك

**ئوسمان مۇھەممەت**

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئومۇميۈزلۈك 21-ئەسىرگە سىلجىتىش ئۈچۈن، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، پارتىيىنى تېخىمۇ ياخشى قۇرۇپ چىقىش لازىم. پارتىيىنى ياخشى قۇرۇپ چىقىشتا كوممۇنىستلارنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا باش شۇجى جياڭ زېمىن كوممۇنىستلارنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلىشىغا قارىتا تۆت تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى تەلەپ: «سەمىمىي نىيەت بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش، جاپا-مۇشەققەتتە ئالدىدا، راھەت-پاراغەتتە كەينىدە تۇرۇپ، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەپ، كۆپلەپ تۆھپە قوشۇشى لازىم»، «خەۋپلىك پەيتتە ئوتتۇرىغا كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، دۆلەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىشى، خەلققە زىيان يەتكۈزىدىغان، جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان، دۆلەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارغا قارشى كۈرەش قىلىش»تىن ئىبارەت. مانا بۇ ئىككى تەلەپ كوممۇنىستلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىدىن ئىبارەت. كوممۇنىستلار ئىلغارلىقنى ساقلاشتا بۇنىڭغا چوقۇم ئەمەل قىلىشى لازىم.

قىممەت ئومۇمەن ئېيتقاندا، شەيئىلەر بىلەن شەيئىلەرنىڭ مەلۇم مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلەنگەن مەلۇم ئىشلىتىلىش قىممىتى ياكى ئاكتىپ رولىنى كۆرسىتىدۇ. بىز جەمئىيەتنى قىممەت سۇبيېكتى قىلساق، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتكە نىسبەتەن قانداق ئاكتىپ رول ئوينايدىغانلىقى ۋە تۆھپە قوشقانلىقى ياكى كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتنىڭ قانداق ئېھتىياجىنى قاندۇرغانلىقى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى بولىدۇ.

كوممۇنىستلارنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى كوممۇنىستلارنىڭ دۆلەت، خەلق، جەمئىيەتكە نىسبەتەن قانداق رولى ياكى تۆھپىسى بارلىقىنى، ياكى كوممۇنىستلارنىڭ دۆلەت، خەلق ۋە جەمئىيەتنىڭ قانداق ئېھتىياجىنى قاندۇرغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. كوممۇنىستلارنىڭ ئىجتىمائىي قىممەتنى ئىزدىشى، ماھىيەتتە بۇ خىل ئوبيېكتىپ قىممەت مۇناسىۋىتىنىڭ كوممۇنىستلارنىڭ كاللىسىدىكى سۇبيېكتىپ ئىنكاسى ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى ئاڭلىق ئىپادىسى.

كوممۇنىستلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، توغرا قىممەت قارىشى دېگەن زادى نېمە؟ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى، كوممۇنىستلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە ئاۋانگارت جەڭچىلىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن كوممۇنىستلارنىڭ توغرا قىممەت قارىشى كوممۇنىستىك تۇرمۇش قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى كوممۇنىزملىق قىممەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرىدىغان، شەخسلەر جەمئىيەت ئۈچۈن خالىس تۆھپە قوشۇشنى مەزمۇن قىلغان پرولېتارىياتنىڭ قىممەت قارىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل قىممەت قارىشى بايرىقى روشەن ھالدا كوللېكتىۋىزمدا چىڭ تۇرۇپ، شەخسىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ، كوللېكتىۋىزملىقنى كىشىلەر بىلەن كىشىلەر، شەخسلەر بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەشتە رىئايە قىلىدىغان توپ پرىنسىپ قىلىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا، كوللېكتىۋىزملىق باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن مۇھىم بىلىشنى، كوللېكتىپقا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن مۇھىم بىلىشنى، شەخسىي مەنپەئەت بىلەن دۆلەت مەنپەئىتى، كوللېكتىپ مەنپەئىتى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلغاندا، دۆلەتنىڭ، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىشتىن باش تارتماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ، يولداش شۇي تېلىنىڭ ھاياتىنى مەدھىيىلىگەندە: «ئىنقىلابنى، خىزمەتنى، باشقىلارنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان» دېگەنىدى. بۇ «ئۈچ بىرىنچى» كوممۇنىستىك قىممەت قارىشىنىڭ جانلىق گەۋدىلەندۈرۈلۈشى.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان يېڭى تارىخىي

شارائىتتا، كەلگ پارتىيە ئەزالىرى ئالدىدا
تۇرۇۋاتقان بىر گەۋدىلىك مەسىلە
كوللېكتىۋىزملىق پرىنسىپىدا چىڭ
تۇرۇپ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈ-
چۈن خىزمەت قىلىپ، شەخسىيەتچى-
لىك، راھەتپەرەسلىك، پۇلپەرەستلىك
قاتارلىق چىرىك قىممەت قاراشلىرىغا
قارشى تۇرۇپ، كوممۇنىستلارنىڭ ئىل-
غارلىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت. بۇ بىر
قاتتىق سىناق بولۇپ، ھەر بىر پارتىيە
ئەزاسى بۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە
قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلققە يۈكسەك
دەرىجىدە مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن
توغرا قىممەت قارىشىنى تىكلىشى
كېرەك. دەرۋەقە بىز شۇنىمۇ كۆرۈشى-
مىز كېرەككى، «كىشىلەرنىڭ ئېڭى
كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى،
ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى، ئىجتىمائىي
مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگى-
شىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ». پىلانلىق
ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش
جەريانىدا، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى
ئېڭىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ ۋە يې-
ڭىلىنىپ بارىدۇ. بازار ئىگىلىكى
ئىككى ياقلىملىقتا ئىگە بولۇپ، بىر
تەرەپتىن، ئۇ رىقابەتنى، يول ئېچىپ
ئىلگىرىلەشنى، ئىجاد قىلىشنى،
ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇشنى تەشەب-
بۇس قىلىدۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ نەزەر
دائىرىسىنى، ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە
ئىقتىدارىنى كېڭەيتىشكە پايدىلىق.
يەنە بىر تەرەپتىن بازار ئىگىلىكى تەڭ
قىممەتتە ئالماشتۇرۇش، ماددىي مەنپە-
ئەت پرىنسىپلىرىنى تەشەببۇس قىلى-
دۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قىم-
مەت قارىشىنى زەربىگە ئۇچرىتىپ ،
قىممەت قارىشىنىڭ يۆزلىنىشىدە پەرق
پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنى ئېگىرق-
تىپ قويىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇ-
يان، بىر قىسىم كىشىلەردە پۇلپە-
رەستلىك، راھەتپەرەستلىك باش كۆ-
تۈرۈپ، مال ـ دۇنياغا بېرىلىشتە ۋا-
ستە تاللىمايدىغان بولۇپ قالدى، بە-
زىلەر ھەتتا جىنايەتچىگە ئايلىنىپ،
پارتىيە ۋە خەلققە قارىمۇ قارشى تە-
رەپكە ئۆتۈپ قالدى، بىز بۇنىڭغا
يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇپ،
پارتىيە 15-قۇرۇلتىيى دوكلاتىدىكى
تەلەپلەرگە ئاساسەن كىشىلەرنى توغرا
دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قا-
رىشى، قىممەت قارىشىنى تىكلەشكە
يېتەكلىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ، كوم-
مۇنىستلار ئۆزىنى تەربىيىلەشنى
كۈچەيتىشى، توغرا قىممەت قارىشىنى
تىكلىشى، كوممۇنىستلارنىڭ ئىلغار-
لىقىنى ساقلىشى، باشتىن ـ ئاخىرى
پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن
خىزمەت قىلىشى كېرەك.

كوممۇنىستلار ئىلغارلىقىنى ساق-
لاشتا، قىممەت قارىشى مەسىلىسىنى
ھەل قىلىشى مۇھىم ئالدىنقى شەرت
ھېسابلىنىدۇ. ئادەم نېمە ئۈچۈن يا-
شايدۇ؟ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەق-
سىتى، مەنىسى نېمە؟ دېگەن مەسى-
لىلەر ھەر بىر كوممۇنىست توغرا
جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم
مەسىلە. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قى-
لىش كوممۇنىستلارنىڭ ئالىي بۇر-
چى ۋە مۇقەددەس ۋەزىپىسى، كوممۇ-
نىستلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ
مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتىمۇ مۇشۇ
يەردە. نۆۋەتتە بازار ئىگىلىكى راۋاج-
لاندۇرۇلۇۋاتقان ۋەزىيەتتە، كوممۇ-
نىستلارنىڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈ-
چۈن ئۆزى جاپا چېكىشتىن قورق-
ماسلىقىنى تەشەببۇس قىلىش مۇھىم
رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

كوممۇنىستلار جاپادىن قورقما-
سلىقتا تۆۋەندىكى بىر نەچچە ئىشنى
ئورۇندىشى كېرەك. (1) جان ـ دىل
بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش
مەقسىتىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ،
پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى
ھەممىدىن ئەلا بىلىشى لازىم؛ (2)
ئۆزىنىڭ كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ،
تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، ئىقتىسا-
دىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش
ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم؛ (3)
تۈرلۈك مەنپەئەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قى-
لىپ، دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ مەن-
پەئىتى ئالدىدا شەخسىي مەنپەئەتنى
قۇربان قىلىشتىن قورقماسلىقنى
ئاڭلىق ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم؛
(4) خالىس تۆھپە قوشۇش روھىنى
جارى قىلدۇرۇپ، شەخسنىڭ ئىجتى-
مائىي قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى
تىزلىتىشى كېرەك.

يېڭى ئەسىرگە يۈرۈش قىلىش
سەپىرىدە، پارتىيىمىز ئېغىر تارىخىي
ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. خەلقنىڭ
ئۈمىدى ۋە تارىخىي ۋەزىپىسىنى يەردە
قويماسلىق ئۈچۈن، ھەر بىر كومپار-
تىيە ئەزاسى روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆ-
زىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، توغرا
قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، كىشى-
لىك تۇرمۇشنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى
ئىگىلەپ، كوممۇنىستلارنىڭ ئىلغار-
لىقىنى ساقلاپ، ئۆزىنىڭ تۆھپىسى
ئارقىلىق كىشىلىك تۇرمۇشنى نۇر-
لاندۇرۇشى كېرەك. (06)

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى،
دوتسېنت)

# ئالاقىدار كىشى قايسى خىلدىكى مەمۇرىي جازالارنى رەت قىلسا بولىدۇ

ئەگەر مەمۇرىي ئورگان بەرگەن مەمۇرىي جازانىڭ قانۇنىي ئاساسى بولمىغان ياكى قانۇن تەرتىپىگە ئەمەل قىلىنمىغان بولسا، جازالانغۇچى قانۇن بويىچە بىۋاسىتە هالدا «ياق» دېسە بولىدۇ.

1. مەمۇرىي جەھەتتىن تۇتۇپ تۇرۇشنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىلا يۈرگۈزەلەيدۇ، باشقا مەمۇرىي ئورگانلار يۈرگۈزمەكچى بولسا ئالاقىدار كىشى رەت قىلسا بولىدۇ.

2. ئالاقىدار كىشىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بىر ئىشىغا 2 قېتىم ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق جەرىمانە قويۇشتەك مەمۇرىي جازا بېرىشكە بولمايدۇ.

3. 14 ياشقا توشمىغان كىشىنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشىغا مەمۇرىي جازا بېرىشكە بولمايدۇ، بالا، هامىيلىق قىلىدىغان كىشىنىڭ باشقۇرۇشى ۋە تەربىيىلىشىگە تاپشۇرۇلىدۇ.

4. روھىي كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان كىشى پەرق ئېتەلمەيدىغان ياكى ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان چاغدا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بولسا، مەمۇرىي جازا بېرىلمەيدۇ، ئۇ، هامىيلىق قىلىدىغان كىشىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلىدۇ.

5. قانۇنغا خىلاپ قىلمىش 2 يىلغىچە سېزىلمىگەن بولسا مەمۇرىي جازا بېرىلمەيدۇ. بۇنىڭ مۇددىتى قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت يۈز بەرگەن كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ؛ قانۇنغا خىلاپ قىلمىش ئۇدا يۈز بېرىش ياكى داۋاملىشىش هالىتىدە تۇرۇۋاتقان بولسا، مۇددىتى ئاخىرقى قېتىم يۈز بەرگەن كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ.

6. مەمۇرىي ئورگانلار ۋە ئۇنىڭ قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملىرى مەمۇرىي جازا بېكىتىشتىن ئىلگىرى مەمۇرىي جازا بېكىتىشتىكى پاكىت، سەۋەب، ئاساس، ئالاقىدار كىشىنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقىنى ئالاقىدار كىشىگە ئېيتمىغان بولسا ياكى ئالاقىدار كىشىنىڭ بايانى ۋە ئۆزىنى ئاقلىشىنى ئاڭلاشنى رەت قىلغان بولسا مەمۇرىي جازا قارارى كۈچكە ئىگە بولمايدۇ.

7. مەمۇرىي ئورگانلار ۋە ئۇنىڭ قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملىرى نەق مەيداندا جەرىمانە قويىغان بولسا، جەرىمانە قويۇلغان كىشىگە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك مالىيە تارماقلىرى بىر تۇتاش تۈزۈپ تارقاتقان جەرىمانە ھۆججىتىنى بېرىشى كېرەك؛ ئەگەر مالىيە تارماقلىرىنىڭ بىر تۇتاش تۈزۈپ تارقاتقان جەرىمانە ھۆججىتىنى بەرمىسە، ئالاقىدار كىشى جەرىمانە تاپشۇرۇشنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

8. مەمۇرىي ئورگانلار ئالاقىدار كىشىگە جازا بېرىشتە جەرىمانە قويۇش، مال ـ مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش ھۆججىتىنى ئىشلەتمىگەن بولسا ياكى قانۇنسىز ياسالغان جەرىمانە قويۇش، مال ـ مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش ھۆججىتىنى ئىشلەتكەن بولسا، ئالاقىدار كىشى بۇنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

9. پۇقرالارغا 50 يۈەندىن تۆۋەن، قانۇنىي ئىگىگە ياكى باشقا تەشكىلاتلارغا مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇش ياكى ئاگاھلاندۇرۇشتەك مەمۇرىي جازا بېرىش لازىم بولسا، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار نەق مەيداندا مەمۇرىي جازا بېرىشنى قارار قىلىشى، بەلگىلەنگەن شەكىل، نومۇرى بولغان مەمۇرىي جازا قارارنامىسىنى يېزىپ چىقسا بولىدۇ، يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەردىن باشقا، مەمۇرىي ئورگانلار مەمۇرىي جازا بېرىشتە، مەمۇرىي جازا قارارنامىسىنى تۈزۈشى كېرەك. مەمۇرىي ئورگانلار بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ ئاق قەغەزگە قارارنامە يازغان بولسا، ئالاقىدار كىشى بۇنى قانۇن بويىچە رەت قىلسا بولىدۇ. (05)


(يۇنىەن «ياچېيكا تۇرمۇشى» دىن)

## باي ناھىيىسى قانۇننى ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ساختا، ناچار تاۋارلارغا زەربە بېرىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدىدى

باي ناھىيىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قانۇن ـ نىزاملارنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ جانىجان مەنپەئىتى، سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈۋاتقان يالغان، ساختا، ناچار تاۋارلارنى ئىشلەش، يۆتكەش ۋە سېتىش قىلمىشلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەر مىللەت ئىستېمالچىلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدىدى.

ناھىيىلىك تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ج خ ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار «ئۆلچەم قانۇنى»، «ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى»، «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» قاتارلىقلارنى تەشۋىق قىلىپ، تەشۋىقاتنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى. سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى جەمئىيەتتىن نازارەتچى خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورۇنلار قانۇن بويىچە ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ساختا تاۋارلارنى ئېنىقلاپ چىقىپ، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلدى، ناھىيىلىك ھاراق زاۋۇتىغا بولغان تېخنىكا نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى. تۈرلۈك ئۆلچەم قوراللىرىنى تەكشۈرۈپ، مەسىلە بارلىرىنى مۇسادىرە قىلدى. ئۇن، خىش، يېمەكلىكتىن ئىبارەت ئۈچ خىل مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىشقا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتىنى ئاشۇردى ھەمدە ئاشلىق، پاختا بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. باي ناھىيىسى قانۇن ـ نىزاملارنى ئىجرا قىلىشتا ئاشۇنداق قاتتىق قوللۇق قىلغانلىقتىن، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتى قوغدالدى ۋە ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. (05)

**ھەسەن ئابدۇۋەلى**



## زاڭگۇي يېزىسىدا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى

گۇما ناھىيە زاڭگۇي يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى «يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغانلىق ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالغانلىق» دېگەن ئىدىيىنى تۇرغۇزۇپ، بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى ۋە مەسئۇلىيەتنى قاتلامۇ قاتلام كۈچەيتتى. بولۇپمۇ 1999 ـ يىلى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، يىل بېشىدىن باشلاپ يېزا بويىچە 1641 كىشىگە گۆرەنبەز يالLUغى كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى ئەملىدى. بالىلارغا كالىمىق گۇۋرىن ۋاكسىنىسى، ئۈچ بىرلەشمە ۋاكسىنىسى، قىزىل ۋاكسىنىسى، ئىككى بىرلەشمە ۋاكسىنىسى، B تىپلىق جىگەر كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى ئەملىدى ۋە پارالىچ كومۇلچى يېگۈزۈپ ئېھتىياز ۋە ياز پەسلىدىكى يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئالدى. (05)

**ئابلىز ئابلەت**

مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ھەر مىللەت ئاياللىرىنى ئۈچىنى ئۆگىنىش، ئۈچتە بەسلىشىش، قوش مەدەنىيلىك ئائىلە قۇرۇش مۇسابىقە پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن كەڭ ئاياللار ئىچىدە كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلار تەخمىنەن 2500 گە، ئۈچىنى ئۆگىنىش، ئۈچتە بەسلىشىش مۇسابىقە پائالىيىتىگە قاتناشقانلار تەخمىنەن 2300 گە، ھەر خىل كۇرسلارغا قاتنىشىپ يېزا ئىگىلىكىدە ئەمەلىي قوللىنىدىغان پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلىگەنلەر تەخمىنەن 2100 گە يەتتى. (05)

**ھادى دانى ، رەيھانگۈل ھادى**

## تامتوغراق يېزىسى ئاياللارنى بېيىش يولىغا يېتەكلىمەكتە

ئاۋات ناھىيە تامتوغراق يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسى پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى، پىلانلىق تۇغۇت، نىكاھ قانۇنى قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارنى، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىق توغرىسىدىكى ھۆججەتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈردى. ئۇلار يېزىنىڭ ئىككى

## باغراش ناھىيىسىنىڭ بۇمبۇت يېزىسى كەنت دەرىجىلىك مالىيە باشقۇرۇش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى

باغراش ناھىيىسىنىڭ بۇمبۇت يېزىسى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە كەنتلەرنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە ساقلانغان ھەر خىل قالايمىقانچىلىقلارنى رەتكە سېلىشنى يېزىلارنىڭ تىنچ بولۇش، مۇقىملىقىنى ساقلاش، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم ئىش سۈپىتىدە تۇتتى. بۇ يېزا، كەنتلەرنىڭ مالىيىسىنى ئاشكارىلاشتۇرۇشتا تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللاندى:

1. كەنت مالىيىسى، كوللېكتىپ مال ـ مۈلكى، نەق پۇلنى باشقۇرۇش ۋە كىرىم ـ چىقىم قىلىشتا مەخسۇس تۈر بويىچە ھېسابات دەپتىرى تۇرغۇزۇپ، كەنت مالىيە باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى بىلەن يېزا مالىيە باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى ئورتاق تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى تۇرغۇزدى.

2. كەنتنىڭ كوللېكتىپ مال ـ مۈلكىگە ئىگىدارلىق قىلىش هوقۇقى، مالىيىنىڭ مۇستەقىل ھېسابات قىلىنىش هوقۇقى، كەنت بىلەن دېھقانلارنىڭ ئۆزئارا ئېلىم ـ بېرىم قىلىش هوقۇقى، ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش هوقۇقى، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى هوقۇقىنى ئۆزگەرتمەسلىكتە چىڭ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن مەسئۇلىيەت بىلەن هوقۇق ئېنىق ئايرىلىپ قېلىپلاشتى.

3. دېھقانلاردىن يىغىدىغان ھەر خىل قالدۇرۇقلارنى، نەتىقلاش رەسمىيىتىنى، نازارەت تەپتىشلىكىنى، كىرىم ـ چىقىم قىلىشنى باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن كەڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ قانۇنىي هوقۇق ـ مەنپەئىتى قوغدىلىپ ياخشى كەيپىيات بارلىققا كەلدى. (05)

رېشىت بەكرى

## ئۇچار يېزىسى ئارقىدا قالغان كەنت پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇردى

يېڭىسار ناھىيە ئۇچار يېزىسىدا كەنت دەرىجىلىك 33 پارتىيە ياچېيكىسى، 1051 نەپەر پارتىيە ئەزاسى بار بولۇپ، ئالدىنقى بىر مەزگىلدە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش بوشىشىپ قالغانلىقتىن، بىر قىسىم كەنتلەردىكى پارتىيە ياچېيكىلىرىدا چېچىلاڭغۇلۇق، بوشاڭلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرگە تەسىر يەتكەنىدى. ئارقىدا قالغان كەنت پارتىيە ياچېيكىلىرىنى ئىككى يىل ئىچىدە ئەرتىپكە سېلىپ بولۇش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكوم ئىقتىدارلىق كادىرلارنى ئاجرىتىپ، خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ بۇ يېزىغا ئەۋەتتى. 1999 ـ يىل 11 ـ ئايغىچە 2 ـ ، 8 ـ ، 21 ـ ، 5 ـ 7 ـ كەنت پارتىيە ياچېيكىلىرىنى ئەرتىپكە سېلىشنى تاماملاپ، ھەر بىر كەنتتە بىر ياخشى ياچېيكا شۇجىسى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. ھەربىر پارتىيە ياچېيكىسىدا پارتىيىنى نىشانلىق باشقۇرۇش بويىچە 13 تۈرلۈك تۈزۈم ئورنىتىپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. بۇنىڭ بىلەن بۇ يېزىدا خىزمەتلەر يۈرۈشۈپ ئۈنۈمى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ يېزا ئالدىنقى يىلى ۋە ئۆتكەن يىلى ئىلغار يېزا بولۇپ باھالىنىپ، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇكاپاتلىشى ۋە تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. (05)

قادىر نىياز



## گۈلباغ يېزىسى مائارىپ مالىيىسىنى ئاشكارا تۇتۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى

شايار ناھىيە گۈلباغ يېزىلىق مائارىپ گۇرۇپپىسى يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 1998 ـ يىلى 5 كىشىدىن تەركىب تاپقان مائارىپ مالىيىسىنى ئاشكارا تۇتۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار مالىيە ھېساباتلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدا 8 تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈم تۈزۈپ ئۇنى يولغا قويدى ھەمدە يېزا تەۋەسىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 19 باشلانغۇچ مەكتەپتە مالىيە ھېساباتىنى ئاشكارا تۇتۇش قارا دوسكىسىدىن 29 نى تەسىس قىلىپ، كىرىم ـ چىقىم ھېساباتلىرىنى ئاممىغا ئاشكارىلىدى. بەلگىلىمىدىكى ھەر مەۋسۇمدە مەكتەپلەرنىڭ ھېساباتىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈش دېگەن تەلەپ بويىچە يازلىق تەتىل مەزگىلىدە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بارلىق مەكتەپلەرنىڭ مالىيە ھېساباتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئاممىغا ئېلان قىلدى ھەمدە مۇشۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان 5 نەپەر مەكتەپ كاسسىرىنى ئالماشتۇردى. ھېساباتتا قالايمىقانچىلىق چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇ گۇرۇپپا يەنە ئايرىم ـ ئايرىم دەپتەر تۇتۇپ، مەكتەپلەرنىڭ ھېساباتىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ بېرىش، پۇل چىقىم قىلىش ھوقۇقى مەكتەپلەردە بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ يېزىنىڭ مائارىپ مالىيىسى ھېساباتىنى باشقۇرۇش ئىشلىرى قانۇن ـ تۈزۈم ئىزىغا سېلىنىپ، مالىيە باشقۇرۇش ئىشلىرىدا قالايمىقانچىلىق كۆرۈلمىدى. 1999 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە بۇ يېزىدا مائارىپ مالىيىسىنى ئاشكارا تۇتۇش خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىسى كېڭەيتىلدى.

تاھىرجان نىياز

# قىسقا مۇددەتلىك قەرز ئالغان كىشى

تەن شياگياڭ

قىسقا مۇددەتلىك قەرز ئېلىش، پۇل ـ مۇئامىلە سىستېمىلىرى مەبلەغ قىس بولغاندا قوللىنىدىغان بىر خىل ئىچكى تەڭشەش ۋاستىسىدۇر. ئۇنىڭ دائىرىسى شۇ سىستېمىدىلا چەكلىنىدۇ، باشقا ھەرقانداق ئورۇن، شەخسنىڭ بۇ ھوقۇقنى ئىشلىتىش ھوقۇقى بولمايدۇ. بىراق پۇلنىڭ كۈچى زور. بانكىدىن قىسقا مۇددەتلىك قەرز ئېلىشقا بولىدىغان ئىكەن، بەزىلەر ئامال قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىغا بۆسۈپ كىرىپ، بانكىدىن قىسقا مۇددەتلىك قەرز ئېلىپ يۆتكەپ ئىشلەتسە بۇ «خەقنىڭ توخۇسىدىن تۇخۇم تۇغدۇرغان»لىق بولىدۇ.

ماۋۋېنجى مانا مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇ 28 يېشىدا ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن، سانجىدا سانجى ياجۇڭ ئاشلىق، ماي سودا ـ سانائەت شىركىتى قۇرىدۇ. شىركەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ماۋۋېنجى پۇل ـ مۇئامىلە سىستېمىسىدىن نىشان ئىزدەشكە باشلايدۇ. ئۇ ئۆزى قولىدىن ئىش كېلىدۇ دەپ قارىغان كىشىلەرگە ئامالنىڭ بارىچە يېقىنلىشىدۇ، ئۇلار بىلەن تونۇشىدۇ. ماۋۋېنجى ئاۋۋال سانجى شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى تۇرالغۇ ئۆي كرېدىت بۆلۈمىنىڭ جىڭلىسى جىن × × بىلەن تونۇشىدۇ، كېيىن يەنە 1995ـيىل ئەتىيازدا مۇشۇ دېلودىكى ھالقىلىق شەخس ساۋچېنخۋا بىلەن تونۇشىدۇ. ساۋ چېنخۋا ماناس ناھىيىلىك ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى بىرلەشمىسى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ بىرلەشمە دەپ ئاتىلىدۇ) مالىيە بوغالتىرىيىسى كومپيۇتېر بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمەلىنى كىچىك دېيىشكە بولمايتتى. ماۋۋېنجىنىڭ نەزەرىدە ئۇ بايلىق ئىلاھى ئىدى. ماۋۋېنجى ئىنتايىن «ئەقىللىق» بولۇپ، ئۇ ساۋچېنخۋانىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆز كارامىتىنى ئازراق كۆرسىتىپ قويماقچى بولىدۇ.

1995ـيىلى 7ـ ئايدا، ماۋۋېنجى جىن × ×تىن ئالغان ئىككى پارچە سانجى شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مەبلەغنى قىسقا مۇددەتلىك قەرز بېرىش ھەققىدىكى ئىشلىتىلمىگەن توختامنى ئېلىپ ساۋچېنخۋانى ئىزدەپ كېلىدۇ. بۇ ئىككى پارچە توختامنى جىن × ×ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ماۋۋېنجىغا بەرگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ساختا توختام ئىدى. ماۋۋېنجى ئىچكى ئەھۋالنى بىلمىگەچكە، بىرلەشمە كوپېراتىپتىن قىسقا مۇددەتلىك قەرز بەرمەكچى بولىدۇ، لېكىن كوپېراتىپتا مەبلەغ قىس بولغاچقا بېرەلمەيدۇ، ساۋچېنخۋا بىرادىرىگە يۈز كېلەلمىگەندەك ھېس قىلىپ، ماۋۋېنجىنى ماناس ناھىيىلىك شەھەر ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ مۇدىرى شې × ×كە تونۇشتۇرۇپ قويىدۇ. شې × ×ئۆز كوپېراتىپىدىن 300 مىڭ يۈەننى 2 ئايلىق قەرز بېرىشكە قوشۇلىدۇ. لېكىن بۇ پۇل توختامدىكى تەلەپ بويىچە سانجى شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا پېرېۋوت قىلىنماي، ماۋۋېنجى شىركىتىنىڭ ھېساب دەپتىرىگە بىۋاسىتە پېرېۋوت قىلىنىدۇ.

ماۋۋېنجى مۇشۇ ئىش ئارقىلىق ساۋچېنخۋانىڭ قادداقلىقىنى ئوبدان بىلىۋېلىپ، ئورغۇن پۇل خەجلەپ ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش قارارىغا كېلىدۇ.

شۇ يىلى 7ـئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ماۋۋېنجىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن ساۋچېنخۋا بىلەن شې × × شېنجېن، گۇاڭجۇ، ۋېيخەي، دالىيەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ «تەكشۈرۈش» باھانىسى بىلەن گۈزەل مەنزىرىلىك جايلارنى تاماشا قىلىدۇ. ساۋچېنخۋا بىلەن شې × ×نىڭ تاماشا قىلىشىغا كەتكەن پۇلى 30 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ، بۇ چىقىمنى ماۋۋېنجى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ماۋۋېنجى ئىچكىرى ئۆلكىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پەيتنى قولدىن بەرمەي ماناسقا بېرىپ، ساۋچېنخۋانىڭ پۇل قەرز بېرىشىنى يەنە تەلەپ قىلىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ رەھبەرلىكتىن يوليورۇقمۇ سورىماي بىرلەشمە كوپېراتىپنىڭ مەبلەغ قەرز بېرىش توختامنامىسىنى ئېلىپ ماۋۋېنجى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىدىن 1 مىليون يۈەن قەرز ئېلىپ، پۇلنى ماناس ناھىيىلىك شەھەر ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىغا پېرېۋوت قىلدۇرۇپ، ماۋۋېنجىغا ئېلىپ بېرىدۇ.

ئېلىشمۇ، قايتۇرۇشمۇ بولغاندا، يەنە ئېلىش ئاسان بولىدۇ. ماۋۋېنجى بۇ داۋلىنى چۈشەنسە كېرەك، ئۇ يۇقىرىدىكى 1 مىليون يۈەننى كېچىكتۈرۈپ بولسىمۇ ئۆسۈمى بىلەن تولۇق قايتۇرىدۇ.

بىراق، ئەمەت ھەرگىزمۇ پۇرسەتپەرەس كىشىلەرگە مەنسۇپ بولۇۋەرمەيدۇ، كېيىنكى كۈنلەردە ماۋۋېنجىنىڭ «خەقنىڭ توخۇسىدىن تۇخۇم تۇغدۇرۇش»تەك خام ـ خىيالى تەدرىجىي «قەرز ئېلىپ، قەرز قايتۇرۇش»تەك يامان چۈشكە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،

ساۋچىخۋامۇ «ئۇنىڭدىن ئېلىپ بۇنىڭغا سەپلەش»تىن ئىبارەت غەلىتە چەمبىرەك ئىچىگە كىرىپ قالىدۇ.

1995ـيىل 12ـئايدا، ماۋۋېنجى يەنە بىر قېتىم ساۋچىخۋادىن قەرز بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ساۋچىخۋا يۇقىرىقىدەك ۋاستە ئارقىلىق يەنە ماناس ناھىيىلىك شەھەر ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىدىن 1 مىليون يۈەن قەرز ئېلىپ بېرىدۇ. بۇ قېتىم، شەھەر ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپى ماۋۋېنجى شۇ يىلى 7ـئايدا ئالغان 300 مىڭ يۈەن پۇلنىڭ ئۆسۈمى بىلەن بولۇپ جەمئىي 323 مىڭ 800 يۈەن پۇلنى بىۋاسىتە تۇتۇپ قالىدۇ. ئېنىقكى، ساۋچىخۋا ماۋۋېنجىنىڭ قەرزنى قايتۇرۇش ئىقتىدارى يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇنىڭغا پۇل قەرز بەرگەن.

1996ـيىل 5ـئايدا ساۋچىخۋا ئۆز ئىدارىسىنىڭ پۇل قەرز ئېلىش توختامىنى ئېلىپ سانجى توڭدا شەھەر ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىدىن 500 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ ماۋۋېنجىنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي ماناس ناھىيىلىك شەھەر ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىدىن ئالغان 1 مىليون يۈەن بىلەن سانجى توڭدا شەھەر ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىدىن ئالغان 500 مىڭ يۈەننىڭ مۇددىتى توشىدۇ. ساۋچىخۋا ماۋۋېنجىنى قەرزنى قايتۇرۇشقا ئۈندىگەندە، ئۇ: بولىدۇ، يەنە پۇل قەرز ئالايلى دەيدۇ. ماۋۋېنجىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ساۋچىخۋا يەنە سانجى يىنتۇڭ شەھەر ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىدىن 1 مىليون يۈەن قەرز ئېلىپ، بۇنىڭ 480 مىڭ يۈەندىن كۆپرەكىنى ماناس ناھىيىلىك شەھەر ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىغا (ھەممىنى قايتۇرمىغان)، قالغان 510 مىڭ يۈەندىن ئارتۇقراق پۇلنى سانجى توڭدا شەھەر ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ساۋچىخۋا پىرقىرغۇچتەك توختىماي قەرز ئېلىپ قەرز قايتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئېلىپ بۇنىڭغا، بۇنىڭدىن ئېلىپ ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ، ئاغزى ـ بۇرنىغىچە تويىدۇ.

شۇ يىلى 11ـئايدا ساۋچىخۋا بىرلەشمە كوپىراتىپ قارمىقىدىكى 6 يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىدىن 2 مىليون يۈەن قەرز ئېلىپ، ئۇنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاللىبۇرۇن مۇددىتى توشقان سانجى «يىنتۇڭ»، «داچۇڭ»، ماناس «شەھەر» قاتارلىق ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىدىن ئالغان قەرزنى قايتۇرۇشقا ئىشلىتىدۇ.

1997ـيىل 3ـئايدا، يەنە سانجى «يىنتۇڭ» ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىدىن 2 مىليون يۈەن قەرز ئېلىپ، 6 يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىغا قايتۇرىدۇ.

6ـئايدا، سانجى «يىنتۇڭ» ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىدىن ئالغان قەرزنىڭ مۇددىتى توشىدۇ. ئىلاجسىز قالغان ساۋچىخۋا ئۆز ئىدارىسىدىن 1 مىليون يۈەن ئېلىپ «يىنتۇڭ» ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىغا پېرېۋوت قىلىۋېتىدۇ. ئارقىدىنلا ئىدارىسىدىن ئالغان 1 مىليون يۈەننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، يەنە شىخەنزە «جىنيۈەن» ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىدىن 1 مىليون يۈەن قەرز ئالىدۇ. شۇ يىلى 10ـئاينىڭ 13ـكۈنى، بۇ پۇلنىڭ مۇددىتى توشىدۇ. «جىنيۈەن» ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىدىن قەرزنى سۈيلەپ ئادەم كېلىدۇ. دەل شۇ چاغدا ساۋچىخۋا يېزىغا چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، ئىدارىسىدا يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئىدارىسىدىكىلەر ھالىق ـ تالىق قېلىپ، بۇ قىسقا مۇددەتلىك قەرز ئالغان پۇلنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەي قېلىشىدۇ. ئەتىسى ساۋچىخۋا قايتىپ كېلىپ، بىرلەشمە كوپىراتىپنىڭ 1 مىليون 40 مىڭ 800 يۈەن مەبلىغىنى يۆتكەپ ئىشلىتىپ، «جىنيۈەن» ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىدىن ئالغان قەرزنى قايتۇرىدۇ. ئىدارىسىدىكىلەر ئەھۋالنى چۈشەنگەندە، «جىنيۈەن» ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىدىن كەلگەن كىشى قايتىپ كېتىپ قالىدۇ.

ساۋچىخۋانىڭ 1995ـيىلدىن 1997ـيىلغىچە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ قەرز ئالغان مەبلىغى 10 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، بىرلەشمە كوپىراتىپقا 1 مىليون 40 مىڭ 800 يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرىدۇ. 1998 ـيىل 3 ـ ئايدا ساۋچىخۋا سىرتتا پۇل ئىزدەپ ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىغان ئەھۋالدا، بىرلەشمە كوپىراتىپ ماناس ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە ئەنزىنى مەلۇم قىلىدۇ.

4ـئايدا ساۋچىخۋا قولغا ئېلىنىدۇ. ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنى رازۋېدكا قىلغاندىن كېيىن تەپتىش مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنىدۇ. تەپتىش مەھكىمىسى مەبلەغنى يۆتكەپ ئىشلىتىش جىنايىتى بويىچە ماناس ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە قانۇن بويىچە شىكايەت سۇنىدۇ. 1999ـيىل 6ـئاينىڭ 25ـكۈنى، سوت مەھكىمىسى ساۋچىخۋاغا قانۇن بويىچە مۇددەتلىك 4 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىدۇ. سوراق قىلىنغان كۈنى، سانجى ئوبلاستىدىكى 8 ناھىيە، شەھەرلىك ئامانەت ـ قەرز بىرلەشمە كوپىراتىپنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن بولۇپ 300 دىن ئارتۇق كىشى ئوچۇق سوتنى سىرتتىن تىڭشاپ، بىر قېتىملىق جانلىق قانۇن ـ تۈزۈم تەربىيىسىگە ئىگە بولدى. (07)

# 50 يىلدىكى چوڭ ئىشلار

## باش لۇشيەن، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، خەلق گوڭشېسى»دىن ئىبارەت ئۈچ قىزىل بايراقنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

1958-يىل 5-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن 23-كۈنىگىچە، پارتىيە 8-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنىدا ماۋزېدۇڭ تەشەببۇس قىلغان «تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەپ، كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك ئىشلەپ سوتسىيالىزم قۇرۇش»باش لۇشيەنى ماقۇللىنىپ، تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا قاراپ يۈرۈش قىلىش چاقىرىق قىلىندى. شۇ يىلى 8-ئايدا، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا «يېزىلاردا خەلق گوڭشېسى قۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارار»ماقۇللاندى. يىغىندىن كېيىن مەملىكەت بويىچە تېزلىكتە «پولاتنى تۇتقا قىلىش»دەيدىغان ئومۇم خەلق پولات تۆمۈر تاۋلاش بىلەن كەڭ تۇتۇش قىلىش ۋە خەلق گوڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتى شەكىللىنىپ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»ھەرىكىتى دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. نەتىجىدە ئىنتايىن ئېغىر يامان ئاقىۋەتلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىلدى.



## داچىڭ نېفىتلىكىنىڭ قۇرۇپ چىقىلىشى، نېفىت بىلەن ئۆزىمىزنى تەمىنلەشنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى

1959-يىلى 4-ئاينىڭ ئاخىرى ئېلىمىزدە داچىڭ نېفىتلىكى بايقىلىپ، چەت ئەل ئالىملىرى تارقاتقان «جۇڭگودا نېفىت يوق نەزەرىيىسى»بۇزۇپ تاشلاندى. كېيىنكى يىلى مەملىكەت بويىچە نۇرغۇن ئادەم كۈچى توپلىنىپ داچىڭ نېفىتلىكىنى ئېچىش باشلىنىپ كەتتى، داچىڭ ئىشچىلىرى مۇز بىلەن قاپلانغان يايلاقتا نېفىتلىك بىرلەشمە جېڭىنى باشلىۋەتتى. قىسقىغىنە 3 يىل ۋاقىت ئىچىدە مەملىكىتىمىز بويىچە بىرىنچى چوڭ نېفىتلىك قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئېلىمىزنىڭ «ئەجنەبىي نېفىت»قا تايىنىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى.

## ئاتوم بومبىسى، ۋودورود بومبىسى ۋە توشۇغۇچى راكېتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىلىشى

1964-يىل 10-ئاينىڭ 16-كۈنى ۋە 1967-يىل 6-ئاينىڭ 17-كۈنى، دۆلىتىمىز ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۆزىمىز تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان بىرىنچى ئاتوم بومبىسى ۋە ۋودورود بومبىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا پارتلاتتى. 3 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە دۆلىتىمىز كۈچى تېخىمۇ زور بولغان ئىسسىق يادرو قورالىنى سىناق تەرىقىسىدە ياساپ چىقىپ، ئەينى ۋاقىتتا دۇنيادىكى يادرو قورالىغا ئىگە بولغان ئاز ساندىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

60-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، دۆلىتىمىزدە بىرىنچى توشۇغۇچى راكېتا تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ توشۇغۇچى راكېتا تېخنىكىسى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى: 1980-يىلى 5-ئايدا، تىنچ ئوكيان دېڭىز رايونىغا چوڭ تىپتىكى ئۇزۇن مۇساپىلىق توشۇغۇچى راكېتا قويۇپ بېرىلدى: 1982-يىلى 10-ئايدا، سۇ ئاستى پاراخوتىدىن پايدىلىنىپ سۇ ئاستىدا توشۇغۇچى راكېتا قويۇپ بېرىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى: ھازىر يېقىن مۇساپىلىق ئوربىتىغا، قۇياش بىلەن تەڭ قەدەملىك ئوربىتىغا، يەر شارى بىلەن تەڭ قەدەملىك جىمجىت ئوربىتىغا قويۇپ بېرىلىدىغان ھەر خىل سۈنئىي ھەمراھلىق توشۇغۇچى راكېتا سىستېمىسىغا ئىگە بولدۇق. توشۇغۇچى راكېتا تېخنىكىمىز دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتتى.



# كورېيە ئاممىۋى ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈردى

1999-يىلدىن بۇيان، ئىقتىسادنىڭ قايتا جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاممىۋى ئىستېمال يۈكسىلىشكە قاراپ بۇرۇلدى. كورېيە ھۆكۈمىتى دىققەت - ئېتىبارىنى پۇل - مۇئامىلە كرىزىسىدا بىر قەدەر زور زەربىگە ئۇچرىغان تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەرگە بۇراپ، ئۇلارنىڭ كىرىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئاممىۋى ئىستېمالنىڭ داۋاملىق مۇۋاپىق ھەجىمدە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قاراتتى، ھۆكۈمەت قوللانغان بىر مۇھىم تەدبىر پۈتۈن خەلقنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. يېقىندا، كورېيە ساقلىقنى ساقلاش پاراۋانلىق مىنىستىرلىكى ھۆكۈمەتنىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان «تۇرمۇشنى قوغداش قانۇنى»نى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن «پۇقرالارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى»نى دەسسەتتى، بۇ قانۇن بۇ يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلماقچى.

يېڭى قانۇندا، كىرىمى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش خىراجىتى ئۆلچىمىگە يەتمىگەن ئائىلىلەر، مەيلى يېشى چوڭ - كىچىك بولسۇن ۋە ئەمگەك ئىقتىدارى بار - يوق بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

كورېيە ھۆكۈمىتىنىڭ كىرىمى تۆۋەن كىشىلەرگە بېرىدىغان ياردىمى كۈندىلىك تۇرمۇش، تۇرالغۇ ئۆي، داۋالىنىش، مائارىپ، تۇغۇت، ئۆلۈم - يېتىم ئۆزىنى قۇتقۇزۇش قاتارلىق 7 تەرەپكە بۆلۈنىدىغان بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ چەكلىمىسى كەڭ قويۇۋېتىلگەن، بەزىلىرىگە ماددىي بۇيۇم، بەزىلىرىگە نەق پۇل بېرىلىدىغان بولغان. مەسىلەن، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ھەققىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىشتىن بەھرىمەن بولىدىغان كىشىلەرنىڭ ياش چەكلىمىسى ھازىرقى 70 ياشتىن 65 ياشقا چۈشۈرۈلگەن، مەجرۇھلارنىڭ دائىرىسىمۇ ئىچكى ئەزالىرى مېيىپ بولغان ۋە روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارغىچە كېڭەيتىلگەن. لېكىن، ئەمگەك ئىقتىدارى بار كىشىلەرگە ياردەم بېرىشتە ئۇلارنىڭ ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنى ئۆزى قۇتۇلدۇرۇشى، ياكى خىزمەت تېپىش پائالىيىتىگە، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشكە قاتنىشىشى شەرت قىلىنغان.

ئاساسىي تۇرمۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كورېيە يەنە باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنى 2000-يىلدىن باشلاپ كەينى - كەينىدىن يولغا قويماقچى. بۇ لايىھىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مائاشلىقلار قاتلىمىدىكىلەردىن ئېلىنىدىغان باجنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش، بايلار قاتلىمىدىن ئېلىنىدىغان باجنى كۆپەيتىشتىن ئىبارەت بولدى، بولۇپمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتا كېرەكلىك بۇيۇملار ۋە بەزى ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىدىن ئېلىنىدىغان ئالاھىدە ئىستېمال بېجى بىكار قىلىنىپ، ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ ئۆسۈمىدىن ئېلىنىدىغان باجدا ئېتىبار بېرىش ئۆلچىمى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ياردىمى بولىدىغان خەتىرى بار كارخانىلار ۋە ئۆسكۈنىلەرگە مەبلەغ سالغانلاردىن ئېلىنىدىغان ھەر خىل باجلارنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش، يۇقىرى كىرىملىك خۇسۇسىي كارخانىلارغا مەبلەغ سالغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان باجنى كۆپەيتىش، بايلار قاتلىمىدىكىلەرنىڭ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش، ھەدىيە قوبۇل قىلىش ۋە ھەشەمەتلىك تۇرالغۇ ئۆيلەردىن ئېغىر باج ئېلىش يولغا قويۇلىدىغان بولدى. باج تۈزۈمى ئىسلاھاتى لايىھىسىدە، رەڭلىك تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىرئالغۇ، سىنئالغۇ، تېلېكامېرا قاتارلىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ۋە تازىلاش سۇيۇقلۇقى، ئىچىملىك، گىرىم بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئالاھىدە ئىستېمال بېجى بىكار قىلىنىدىغان بۇيۇملار دائىرىسىگە كىرىدۇ. رەڭلىك تېلېۋىزورنى مىسالغا ئالساق، ئالاھىدە ئىستېمال بېجى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، ئادەتتىكىسىنىڭ باھاسى 12% ئەتراپىدا چۈشىدۇ، بۇ ئىستېمالچىلار ئۈچۈن پايدىلىق.

ئاساسىي تۇرمۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنى كورېيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاممىۋى ئىستېمالنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان ئىككى تۈرلۈك مۇھىم تەدبىرى دېيىشكە بولىدۇ. كورېيىنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى ئومۇميۈزلۈك ھالدا بۇ ئىككى تەدبىرنىڭ يولغا قويۇلۇشى كورېيىنىڭ ئىچكى ئېھتىياجىنى ئاشۇرۇشتا مەلۇم تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ، دەپ قارىماقتا. (05)

# شىنجاڭلىقلارنىڭ پەخرى — ئارمان

1995-يىلى رەسمىي قۇرۇلغان ئارمان سودا چەكلىك شىركىتى رېئاللىقنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن بىردىنبىر خۇسۇسىي كارخانا بولۇپ، شىنجاڭلىقلارنىڭ پەخرىگە ئايلاندى.

ئارمان شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى رادىل ئابلا كۆپ ئىزدىنىش، تەجرىبە توپلاش ئارقىلىق ئۈرۈمچىنىڭ قايناق بازىرى بولغان دۆڭ كۆۋرۈك ئەتراپىدىن پۈتكۈل خەلقنىڭ ئارمىنىغا ياققۇدەك مۇھىتى گۈزەل، مۇلازىمىتى ئەلا «ئارمان مۇقىم باھا مەيدانى»نى قۇرۇپ، خېرىدارلارنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كەلدى.

«ئارمان مۇقىم باھا مەيدانى» بىردىن ئۈچكە تەرەققىي قىلىپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن «ئىشەنچلىك ئورۇن» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. باش دىرېكتور رادىل ئابلا ئاپتونوم رايونلۇق ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

1998-يىلى ئارمان شىركىتى نوقۇل سودا خاراكتېرىدىكى كارخانا شەكلىدىن ئىشلەپچىقىرىشنى يېتەكچى قىلغان، سودا بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرغان، ئىشلەپچىقىرىش - تەمىنلەش - سودىنى بىر گەۋدە قىلغان ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

ئارمان شىركىتى يۇقىرى پەن - تېخنىكا ۋە ئىلغار ھۈنەر - سەنئەت ئەسلىھەلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەپ چىقارغان «ئارمان نوقۇت تالقىنى»، «ئارمان سۈتلۈك نوقۇت تالقىنى» مەھسۇلاتلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خېرىدارلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە 2500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە دورىلىق قىممىتىدىكى يېمەكلىك -نوقۇتنى زور كۆلەمدە بازارغا يۈزلەندۈرۈش، تۈنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر ساغلاملىق يېمەكلىكىنى ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۈلگە ياراتتى.

ئارمان شىركىتى ئىشلەپ چىقارغان «ئارمان نوقۇت تالقىنى» 1999-يىلى 5-ئايدا بېيجىڭدا جۇڭگو مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشى بىلەن يۇقىرى باھاغا ئېرىشىپ، جۇڭگو مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئالاھىدە مەھسۇلات لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىز يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەملىكەت دەرىجىلىك باھالىشىدىن ئۆتۈپ مەملىكەت بازارلىرىغا كىرىشىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى.

ئارمان شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى رادىل ئابلا شاڭخەي خۇادۇڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىگىلىگەن ئوزۇقشۇناسلىق بىلىملىرى ئاساسىدا ئەمەلىي ئىزدىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئوزۇقلۇق ۋە دورىلىق قىممىتى يۇقىرى يېمەكلىكلىرىدىن ياڭاق، بادام، ئۆرۈك مېغىزى، نوقۇت قاتارلىقلارنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى، دورىلىق قىممىتىدىن پايدىلىنىپ يېڭى بىر ئەۋلاد ئالىي ساغلاملىق يېمەكلىكىنى دۇنياغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق دورا تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىكتە ئۇزۇن ۋاقىت تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، بەدەننىڭ سۈمۈرۈشچانلىقى تېز، پاكىز، قولايلىق بولغان ئارمان قۇۋۋەت تالقىنى مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قىلىپ رەسمىي ئىشلەپ چىقاردى.

99-يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قويۇلغان ئارمان قۇۋۋەت تالقىنى مەھسۇلاتلىرى ياپونىيە، تايلاند، سىنگاپور قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇلار «ئارمان قۇۋۋەت تالقىنى»، «ئارمان نوقۇت تالقىنى»غا يۇقىرى باھا بەردى.

ئارمان قۇۋۋەت تالقىنى مەھسۇلاتلىرى ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشقان 700 كارخانا ئىچىدە ساقلىقنى ساقلاش يېمەكلىكلىرى تۈرى بويىچە «ئەڭ مۇنەۋۋەر داڭلىق تاۋار ماركىسى» مۇكاپاتىغا ۋە «99-يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە كۆرسىتىلگەن مەھسۇلات»، «خەلق سارىيىغا كۆرسىتىلگەن مەھسۇلات» دېگەن شەرەپلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى.


مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت ئارمان شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى رادىل ئابلانى قوبۇل قىلىپ، شىركەت تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئارمان شىركىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىمىزدىن ئابلەت ئابدۇرېشىت، قېيۇم باھاۋۇدۇن ئارمان شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى رادىل ئابلا بىلەن دىرېكتور نىجات ئابدۇرېھىمنى قوبۇل قىلىپ، ئارمان شىركىتى تەرەققىياتىغا ئىلھام بەردى.



ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5- باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ھەنىپە ھەمدۇللا (ئوڭدىن 2-) مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 37 يىلدىن بۇيان ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، بىجانىدىل ئىشلەپ، ئەۋلادلارنى تەربىيلەش، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ياخشىلاشقا گەۋدىلىك تۆھپە قوشۇپ كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە تىيانشان رايونى بويىچە «تىرىشچان باغۋەن»، «مۇنەۋۋەر مائارىپچى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغاندىن سىرت، مەملىكەت بويىچە «مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئايال نۇھېسكار» بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى. ئۇ ھازىر مەملىكەتلىك كىيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى.

سىيىتنىياز سايىم فوتوسى ۋە خەۋىرى



▲ ئىلى 2- يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى ئىنچىكە ئىگىرىش سېخىنىڭ ئىشچىسى، پارتىيە ئەزاسى سانىيە ساتتار زاۋۇتقا كىرگەن 12 يىلدىن بۇيان ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئىشقا تولۇق كىلىپ، بولداشلار ئارا ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاپ، تىرىشىپ تېخنىكا ئۆگىنىپ، ھەر يىلى ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ ۋە سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىپ كەلدى. ئۇ يەنە 5 نەپەر شاگىرت تەربىيلەپ قاتارغا قوشۇش بىلەن بىللە، ھەر خىل پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. نەتىجىدە ئۇ كۆپ قېتىم زاۋۇت دەرىجىلىك ئىلغار خىزمەتچى، زاۋۇت ۋە ئوبلاست دەرىجىلىك «8- مارت قىزىل بايراقدار»، زاۋۇت دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق توقۇمىچىلىق ئىشچىلار ئويۇشمىسى تەرىپىدىن «3نى سۆيۈش، 4نە بىرىنچى بولۇش» يېپەك يولى مېدالىغا ئېرىشتى.

جارقىن ماناپقان خەۋىرى ۋە فوتوسى

◀ قۇمۇل شەھەر ئىچى يېزا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئەت تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى سارەم ياقۇپ دوسكا ئالدىدا خىزمەت قىلغان 28 يىلدا كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىپ، دەرس ئۆتۈش مېتودىنى پائال ئۆستۈرۈپ كەلگەنلىكتىن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەبىئەت دەرسىدىن ئۈلگىلىك دەرس ئۆتۈش پائالىيىتىدە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ۋىلايەت، شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۈلگىلۈك دەرس ئۆتۈش مۇسابىقىسىدە 1- ۋە 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 10 پارچە ئىلمىي ماقالىسى «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. ئۇ كۆپ قېتىم يېزا، شەھەر تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

ئەكبەر ئىسھاق خەۋىرى ۋە فوتوسى



▲ قۇمۇل شەھەرلىك سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى پاتەمخان تالىپ خىزمەتكە قاتناشقان 32 يىلدا پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا سەرپ قىلىپ بىجانىدىل ئىشلىدى. رەھبەرلىك خىزمىتى ئۆتىگەن 20 يىلدىن بۇيان ئىزچىل تۈردە 1- سەپكە چۆكۈپ نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇ مەملىكەت بويىچە ئىككى قېتىم «8-مارت قىزىل بايراقدارى»، ئاپتونوم رايون، قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە شەھىرى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «ئەمگەك نەمۇنىچىسى»، «پۇل مۇئامىلە قىزىلبايراقدارى»، «ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن شەرەپلىكناملارغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى.

ئەكبەر ئىسھاق خەۋىرى ۋە فوتوسى






باھاسى: 3.00 يۈەن